# ياشلارنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان سوئاللارغا جاۋاب

## (101 سوئالنىڭ جاۋابى)

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

4

# Gençlerin Kafasını Karıştıran Sorulara Cevap
# ياشلارنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان سوئاللارغا جاۋاب


| | |
|---|---|
| Yazar: | ئاپتورى: |
| **Abdulehed Hafız** | **ئابدۇلئەھەد ھافىز** |
| Editör: | تەھرىرلىگۈچى: |
| **Bir Gurup Ulema** | **بىر گۇرۇپ ئۆلىمالار** |
| Yayıncı: | نەشىر قىلغۇچى: |
| **Doğu Türkistan Ulemaları Birliği Araştırma Merkezi** | **شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەتقىقات مەركىزى** |
| Kapak ve Sayfa Tasarımı: | مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: |
| **Ufuk Tasarım** | **ئۇپۇق ئىلان-لايىھەچىلىكى** |

ئىستانبۇل 2024

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى
پەتىۋا ھەيئىتىدىن تۆۋەندىكى ئۆلىمالار بۇ
كىتابنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى:

مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم
ئوبۇلقاسىم قارىھاجىم
مەھمۇدجان داموللاھاجىم
مۇھەممەد رېھىم ھاجىم
سەيپىدىن قارىھاجىم

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

**«ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار».**

(بەقەرە سۈرىسى: 21-ئايەت)

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

**«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم».**

(يەنى ماڭا ئىتائەت قىلىپ، بۇيرۇغانلىرىمنى ئورۇنداپ، مەن كۆرسەتكەن بويىچە هايات كەچۈرسۇن، دەپ ياراتتىم).

(زارىيات سۈرىسى: 56-ئايەت)

# ※ مۇندەرىجە ※

ئاللاھ تائالا ھەققىدە..............................5
پەيغەمبەرلەر ھەققىدە.........................29
ھەدىسلەر ھەققىدە.............................87
مىراج ھەققىدە.................................109
دىن ھەققىدە..................................125
ئاياللار ھەققىدە...............................139
پىكىر ئەركىنلىكى ھەققىدە...............159
شەيتان ھەققىدە...............................167
دوزاخ ھەققىدە.................................185
قەبرە ئازابى ھەققىدە.........................197
خاتىمە.........................................209

# بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

بىزنى مۇسۇلمان جەمئىيەتتە، مۇسۇلمان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، مۇسۇلمان قىلىپ ياشاتقان رەببىمىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. بىزگە كۈندىلىك ھاياتىمىزدا ئىسلامنى قانداق تەتبىقلاشنى ئۆگەتكەن يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد سالام يوللايمىز. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن؛ بىزنى ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە ئۇلارنىڭ يولىدىن ئايرىمىسۇن، ئامىين!

دىن دۈشمەنلىرى تارىختىن بېرى دىنىمىزغا ھەر تۈرلۈك سۈيىقەستلەرنى قىلىپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. كۈنىمىزدە ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دىن دۈشمەنلىرى تۈرلۈك ھىلە-مىكىرلەر بىلەن ياشلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. ئۇ ھىلە-مىكىرلەردىن بىرى قالايمىقان سوئاللارنى ئوتتۇرىغا تاشلاش ئارقىلىق ياشلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە

ئىمان-ئىسلامغا قارىتا شۈبھە پەيدا قىلماقتا. بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلەردە ئوقۇۋاتقان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇش، ھەتتا ئۇلارنى ئىماندىن چىقىرىپ ئاتېئىست ۋە دېئىست قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. نەتىجىدە نۇرغۇن ياشلار ئىسلام دىنىدىن يىراقلىشىپ يامان يوللارغا كىرىپ كەتمەكتە.

بىز بۇ كىتابچىدا ئىمانلىق ياشلىرىمىزنى ئىمانىنى مۇستەھكەم ساقلىيالايدىغان ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىگە تاقابىل تۇرالايدىغان ئىلمىي قوراللار بىلەن تەمىنلەش ۋە دىن توغرىسىدا شۈبھىگە چۈشۈپ قالغان ياشلىرىمىزغا ھەقىقەتنى تونۇتۇش ئۈچۈن، دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئاللاھ، پەيغەمبەر، قۇرئان، ھەدىس، دىن، ئاخىرەت، ئاياللار ۋە پىكىر ئەركىنلىكى ھەققىدە ئوتتۇرىغا تاشلانغان سوئاللاردىن مۇھىم بولغان 100 سوئالنى تاللاپ جاۋاب بەردۇق.

بىز بۇ كىتابچىمىزنىڭ ئۇلۇغ دىنىمىز ھەققىدە گۇمانلىق قاراشلاردا بولغانلارنىڭ بولۇپمۇ بۇنداق سوئاللارغا قايىل قىلارلىق جاۋاب تاپالماي قايمۇقۇپ قالغان ياشلىرىمىزنىڭ بۇ جاۋابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق ھەقىقەتنى تونۇشىغا، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر تۈرلۈك يامان غەرەزلىك سوئاللار ۋە شۈبھە

بورانلىرى ئالدىدا تەۋرەنمەستىن پولاتتەك مۇستەھكەم تۇرۇشقا سەۋەبچى بولۇشىنى جانابى ئاللاھتىن تىلەيمىز.

# ئاللاھ تائالا ھەققىدە

**1-سوئال: ئاللاھ دىللارنى پىچەتلىۋەتكەن بولسا، ئىمان كەلتۈرمىگەن ئاتېئىستلارنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن دوزاخقا كىرىدۇ؟**

جاۋاب: ئىنسان تۇغۇلغاندا تەبىئىتى ساغلام، قەلبى پاك، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ھالەتتە تۇغۇلىدۇ. كېيىن ئاتا-ئانىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مەلۇم بىر دىن ياكى بىر ئېقىمغا مەنسۇپ بولىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى دىلى پېچەتلەنگەن ھالدا ياراتمايدۇ، بەلكى دىلى ئوچۇق، ھەقىقەتكە مايىل ھالەتتە يارىتىدۇ.[1] ئاندىن ئۇنىڭ توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن باتىلنى ئېنىق بىلىشىگە ياردەمچى بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىتاب چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى دەلىل-پاكىتلىرى بىلەن كۆرسىتىدۇ.[2] كىشى پۇتكۈل دەلىل ۋە ئىسپاتلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىۋېرىپ ئاخىرىدا دىلى قارىيىپ ئىمانغا

---

1 پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەربىر بوۋاق فىترەت ئۈستىگە (يەنى دىلى پاك، ھەقىقەتكە مايىل) تۇغۇلىدۇ. ئاتا-ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدى يا خرىستىيان ياكى مەجۇسى) قىلىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى]

2 ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۇنىڭغا ئىككى كۆز بەرمىدۇقمۇ؟ بىر تىل ۋە ئىككى كالپۇك بەرمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟» [8-، 10- ئايەتلەر]

مايىللىقى قالمايدۇ. ھەدىس شەرىپتە كىشى گۇناھ قىلغۇەرسە دىلى قارىيىپ قوپقارا بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئېيتىلغان.[3] قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە (سۆزۈڭنى چۈشىنىشتىن) دىللىرىمىز پەردىلەنگەن دېگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن قوغلىدۇق). ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك دىللىرى پەردىلەنگەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ.»[4] بۇ يەردە كىشى شۇنچىلىك كۆپ گۇناھ ئىشلەيدۇ ۋە ئاللاھقا شۇنچىلىك كۆپ ئاسىيلىق قىلىدۇكى، ئۇنىڭ دىلىدا ئىمان ئېيتىشقا مايىللىق قالمايدۇ. يەنى كىشى: ماڭا نېمە دېسەڭ دە، قانچىلىك دەلىل كەلتۈرسەڭ كەلتۈر، ھەرگىز ئىشەنمەيمەن، ئىمان ئېيتىشنى خالىمايمەن، دەيدۇ. بەزىلەر: ئاللاھنى كۆرسەممۇ ئىشەنمەيمەن، دەيدۇ! يەنى دىلىنىڭ ئىمانغا مايىللىقىنىڭ بولماسلىقى ۋە ئىمان ئېيتىش ئۈمىدىنىڭ قالمىغانلىقىنى

3 پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندە بىر گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭ دىلىدا بىر قارا چېكىت پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھتىن يېنىپ تەۋبە قىلسا، دىلى پاكلىنىدۇ. تەۋبە قىلماي گۇناھ قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇ قارا چېكىت كۆپىيىپ ئاخىرىدا دىلى قوپقارا بولۇپ كېتىدۇ.» ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى [2434]

4 سۈرە نىسا: 155- ئايەت.

«دىلنى پېچەتلەش» دەپ ئىپادىلىگەن. يۇقىرىدىكى ئايەتتە كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «دىللىرىمىز پەردىلەنگەن، شۇڭا سېنىڭ گېپىڭنى چۈشەنمەيمىز» دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلەپ قويمىغانلىقىنى بەلكى ئۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشى سەۋەبلىك پېچەتلىنىۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈلگەن.

دېمەك، دىلنىڭ پېچەتلىنىشى سوئال سورىغۇچى چۈشەنگەندەك بىراۋنىڭ دىلىنى ئاللاھ سەۋەبسىز پېچەتلىۋېتىپ، ئۇ كىشىنىڭ چارىسىز قالغانلىقى ئۈچۈن ئىمان ئېيتالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنداق بىر ئىش يوق. ئەگەر يۇتكۇل كاپىرلارنىڭ دىلى ئالدىن پېچەتلىنىدىغان بولسا ئىدى، ھېچكىم مۇسۇلمان بولمىغان بولاتتى. ھالبۇكى قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن كاپىرلار، كۆپلىگەن ئاتېئىستلار ھىدايەت تېپىپ مۇسۇلمان بولىدۇ، بۇرۇنقى ئاسىيلىقىغا تەۋبە قىلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ كىشىنىڭ دىلىنى پېچەتلىۋېتىشى ئۇنىڭ كۇپرىدىن يېنىپ ئىمان ئېيتىش ئۈمىدى قالمىغانلىقى ۋە ئىمان كەلتۈرۈشنى خالىمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

## 2-سوئال: ئاللاھ بىزنى يارىتىشتىن ئىلگىرى نېمە ئىش قىلاتتى؟

جاۋاب: بۇ سوئالنى سورىغۇچى زامانسىزلىق ئۇقۇمىنى چۈشىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇنداق خاتا سوئال سورايدۇ. چۈنكى «ئاللاھ بىزنى يارىتىشتىن ئىلگىرى نېمە ئىش قىلاتتى؟» دېيىش، ئاللاھنى ئىنسانغا ئوخشاش زامان ئىچىدە، دەپ ئويلىغانلىقتۇر. ھالبۇكى ئاللاھ ئۈچۈن زامان ئۇقۇمى يوقتۇر. چۈنكى زاماننى ياراتقان ئاللاھ ئۆزىدۇر. شۇڭا ئاللاھ ئۈچۈن ئىلگىرى-كېيىن دەيدىغان بىر ئۇقۇم بولمايدۇ. قەتئىي بىلىشىمىز لازىمكى، ئاللاھ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ئەزەلىي (زاماننى يارىتىشتىن ئىلگىرىمۇ بار ئىدى) ۋە ئەبەدى (زامان يوقالغاندىن كېيىنمۇ بار) بولىدۇ.

بۇ سوئالغا قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەت جاۋاب بېرىدۇ: «ئاللاھ ھەر ۋاقىت (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان) بىر ئىش بىلەن بولۇپ تۇرىدۇ.»[5] يەنى ئاللاھ تائالا داۋاملىق ھەر تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ چېكى يوقتۇر. بۇنى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «(ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن) ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز – ئوكيان

5 سۈرە ئەررەھمان: 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(سىياھ بولغان)، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز (سىياھ بولۇپ) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ھەرگىز تۈگىمەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[6] يەنى دۇنيادىكى پۈتكۈل دەرەخلەر قەلەم، بارلىق دېڭىزلارنىڭ سۈيى سىياھ بولسا، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز (بۇ يەردىكى يەتتە ساننى ئەمەس كۆپلۈكنى ئىپادىلەيدۇ) سىياھ بولۇپ قوشۇلسا، ئاللاھنىڭ يارىتىش ئۇچۇن ئېيتقان سۆزلىرىنى يېزىپ تۈگىتىش مۇمكىن بولمايدۇ. قەلەملەر ئۇپراپ تۈگەيدۇ، دېڭىزنىڭ سۇلىرى قۇرۇپ تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەيدۇ. دېمەك، ئاللاھنىڭ ئىشلىرى چەكسىزدۇر، ئۇ ھەر ۋاقىت ھەرخىل ئىشلار بىلەن بولىدۇ.

## 3-سوئال: ئۇنداقتا ئاللاھ قەيەردە؟

جاۋاب: «قەيەردە؟» سوئالىمۇ بىز مەخلۇقلارغا مەخسۇس بىر ئۇقۇم. يەنى يارىتىلغان بىز مەخلۇقلار ماكانغا مۇھتاجمىز. چۈنكى كائىناتنىڭ ئىچىدە زامان ۋە ماكان بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ماكان بىلەن زاماننى يوقتىن ياراتقان زاتقا ماكان ئىسناد قىلىش توغرا بولمايدۇ. ئەسلىدە نە كائىنات، نە ماكان نە زامان ھېچنەرسە يوق ئىدى. يالغۇز ئاللاھ تائالا

6 سۈرە لوقمان: 27- ئايەت.

بار ئىدى، كېيىن كائىناتنى، زاماننى ۋە ماكاننى ياراتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ماكانغا مۇھتاج بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئاللاھ زاماندىن، ماكاندىن ۋە ماددىدىن مۇنەززەھتۇر. ئاللاھنى بىر ماكاندا دېيىش، ئۇنى ماكانغا مۇھتاج دېگەنلىك بولىدۇ. ماكانغا مۇھتاج بولغان نەرسە ماددا ۋە ماددىدىن يارىتىلغان بىز. بىزنىڭ مەۋجۇدىيىتىمىز بىر ماكانغا باغلىق. دېمەك، ماكاننىڭ بولۇشى مۇھتاجلىق ۋە ئاجىزلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنى بىز ماكانغا مۇھتاجمىز، ماكانسىز ياشىيالمايمىز. ئاللاھ تائالادا ئاجىزلىق ۋە مۇھتاجلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ماكانغىمۇ، زامانغىمۇ ھاجىتى يوقتۇر، ھېچبىر نەرسىگە باغلىق ئەمەستۇر. ئاللاھ سۇبھاندۇر، يەنى بارلىق ئەيىب، نۇقسان، كەمچىلىك، مۇھتاجلىق، ئاجىزلىقتىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر؛ ھېچبىر نەرسىگە مۇھتاج ئەمەستۇر. شۇنداقتىمۇ قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ ئەرشكە ئۆرلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئايەتلەر بار. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن ئەرشتە، دېيىسەكمۇ بولىدۇ.

## 4-سوئال: ئاللاھ چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولسا، پەرىشتىلەرگە نېمە ھاجىتى بار؟

جاۋاب: ھاجەت باشقا، تاللاش-خالاش باشقا. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى يارىتىپ، ئۇلارنى بەزى ئىشلارغا سېلىشنى خالىغان.[7] پەرىشتىلەرنى

7 پەرىشتىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ۋەزىپىلىرى ئۇلار تۆۋەندىكىچە: (1) جىبرىل-جەبرائىل ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھ تائالادىن ۋەھيى ئېلىپ كېلىش. (2) مىكال-مىكائىل ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يامغۇرنى باشقۇرۇش. (3) ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ئاسالىق ۋەزىپىسى سۇرغا پۇۋدەش. (4) ئۆلۈم پەرىشتىسى (ئەزرائىل) ئەلەيھىسسالام ۋە ياردەمچىلىرى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى جان ئېلىش. (ئەسكەرتىش: ئەزرائىل ئىسمى تەۋرات، ئىنجىللاردا كەلگەن بولۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە كەلمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالار بۇ ئىسمنى ئىشلەتمەسلىكنى ئەۋزەل دەپ قارايدۇ.) (5) كىرامۇن كاتىبۇن، بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بەندىلەرنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى ۋە گەپ-سۆزلىرىنى يېزىپ ساقلاشتۇر. ئوڭ تەرەپتىكى پەرىشتە ياخشى ئەمەللەرنى يازىدۇ، سول تەرەپتىكى پەرىشتىلەر يامان ئەمەللەرنى يازىدۇ. (6) ئىنسان بىلەن كېچە كۈندۈز بىللە بولىدىغان پەرىشتىلەر بار. ئۇلار كۈندۈز پەرىشتىلىرى ۋە كېچە پەرىشتىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. (7) ساياھەتچى پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانى زىكرى قىلىدىغان سورۇنلارنى ئىزدەپ، ساياھەت قىلىپ تۇرىدۇ. قەيەردە زىكرى سورۇننى تاپسا، بىر-بىرىنى چاقىرىپ، زىكرى قۇلغۇچىلار بىلەن بىللە بولىدۇ. (8) بەندىلەرنى ئويغاق ۋاقتىدا ۋە ئۇخلىغاندا ھەر تۈرلۈك خەتەرلەردىن ساقلايدىغان پەرىشتىلەر بار. (9) مۇنكىر، نەكىر ئىسىملىك پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى قەبرىدە سوئال سوراق قىلىش. يەنى ۋاپات بولغان كىشى قەبرىگە قويۇلۇپ، قەبرە كۆمۈلگەندىن كېيىن، ئۆلۈك تىرىلىدۇ، شۇ چاغدا پەرىشتىلەر كېلىپ، ئۇنىڭدىن: رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ دەپ سورايدۇ. ئەگەر قەبرىدىكى كىشى مۇئمىن بولسا، رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر كاپىر بولسا، بىلمەيمەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. (10) جەننەتكە مەسئۇل پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىدا رىزۋان ئاتلىق پەرىشتە بولىدۇ. (11) دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەر

يارىتىشىنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن سەۋەب ۋە ھېكمەتلىرى بار. ئۇ ھېكمەتلەردىن بىرى ئاللاھنىڭ ئىززىتى، ئەزىمىتى، شانى ۋە ئۇلۇغلىقىنىڭ تەقەززاسى پەرىشتىلەرنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئىشقا سېلىشتۇر. بۇنى بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرەيلى: بىر پادىشاھنىڭ سارىيىدا بىر تازىلىق ئىشى بولسا، ئۇ ئىشنى ئۆزى قىلامدۇ ياكى ئىشچىلاردىن بىرىنى بۇيرۇمدۇ؟ ئۇنى ئەلبەتتە بىر ئىشچىغا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى پادىشاھنىڭ ماقامى، ئىززەت ۋە شەرىپى شۇنداق قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مۇشۇ مىسالدىكىگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلەرنى يارىتىپ ئۇلارغا كائىناتتىكى بەزى ئىشلارنى قىلدۇرۇشى، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقى، ئالىي ماقامى ۋە ئىززىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. بىز بۇنىڭدىن نېمىنى چۈشىنىمىز؟ پۈتكۈل كائىناتنى چۆرىدەپ تۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالانىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قانچىلىك كۆپلۈك، سەلتەنىتىنىڭ قانچىلىك ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بولمىسا ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلەرگە ھاجىتى يوقتۇر.

پەرىشتىلەرنى يارىتىشنىڭ يەنە بىر

---

بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىدا مالىك ئاتلىق پەرىشتە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەر قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شېرىپلەردە بايان قىلىنغان پەرىشتىلەر ۋە ۋەزىپىلىرىدۇ. ئەلبەتتە بۇنىڭدىن باشقىمۇ سانسىز پەرىشتىلەر بار. ئۇلارنىڭ سانىنى ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

ھېكمىتى: ئاللاھ ئۆلۈم پەرىشتىسى يارىتىپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەسئۇل قىلدى. ئىنسانلار ئومۇمەن ئۆلۈمنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە قارشى ئېتىرازدا بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدا ئاللاھ ھېچبىر پەرىشتە، ھېچبىر سەۋەب ياراتمىغان بولسا، ئاللاھنىڭ بىۋاسىتە جان ئالغانلىقىنى كۆرگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈم ئەسناسىدىكى قارشىلىقى ئۇدۇل ئاللاھقا يۈزلىنەتتى. ئۆلۈمنى يامان كۆرۈشى ئاللاھنى يامان كۆرۈشكە ئېلىپ باراتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆلۈم پەرىشتىسى ياراتتى، ئۇنىڭدىن باشقا قاتناش ۋەقەسى، يۈرەك كېسىلى ۋە باشقا ھەرخىل سەۋەبلەرنى ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ قارشىلىقى ئۇ سەۋەبلەرگە يۈزلىنىدۇ، ئاللاھقا يۈزلەنمەيدۇ، ئىنسانلار ئۆلۈمنى سەۋەبلەردىن كۆرىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ھېكمەتلەر بىلەن پەرىشتىلەرنى ياراتقان. بولمىسا ئاللاھ تائالانىڭ نە پەرىشتە نە باشقا ھېچبىر نەرسىگە ھاجىتى يوقتۇر.

**5-سوئال: بىر پادىشاھنىڭ تازىلىق ئىشچىسىغا ھاجىتى بار. چۈنكى پۈتكۈل سارايىنى ئۆزى يالغۇز تازىلىيالمايدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتا ھەم تازىلىق ھەم باشقا ئىشلارنى قىلالمايدۇ. ھاجىتى چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ئىشقا سالىدۇ. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلەرگە ھاجىتى بارمۇ؟**

جاۋاب: ئاللاھ ھېچنەرسىگە مۇھتاج ئەمەس. بىز بۇ يەردە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن پادىشاھنىڭ كۈچىنى سېلىشتۇرۇش ياكى ئاللاھنى پادىشاھقا ئوخشىتىش ئۈچۈن مىسال كەلتۈرمىدۇق. بىزنىڭ بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىمىز پەرىشتىنى ئىشقا سېلىشتىكى ھېكمەتنى چۈشەندۈرۈشتۇر. بولمىسا ئاللاھ چەكسىز قۇدرەتلىك زات بولۇپ، ھېچبىر نەرسىگە مۇھتاج بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەيمىزكى، ئاللاھقا نىسبەتەن ئەڭ كىچىك بىر ئاتومنى كونترول قىلىش بىلەن پۈتكۈل ئالەمنى كونترول قىلىش-باشقۇرۇش ئوخشاشتۇر ۋە ناھايىتى ئاساندۇر. چۈنكى ئۇ بىرلا ياراتقۇچى، چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولۇپ، ئاجىز ئەمەستۇر. دېمەك، ھەممە ئىش ئاللاھ ئۈچۈن ئىنتايىن ئاساندۇر. پەرىشتىلەرنى ئىشقا سېلىش پەقەت بىر پەردىدۇر، ھەقىقەتتە پۈتكۈل

ئىشلارنى قىلغۇچى، كائىناتنى باشقۇرغۇچى ئاللاھ ئۆزىدۇر.

بىز ھېكمەتنى بايان قىلىش، مەسىلىنى زېھنىمىزدە تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مىسااللار ئارقىلىق ئىزاھلاشقا تىرىشتۇق. بولمىسا بۇ سوئالنىڭ جاۋابى «ئاللاھ شۇنداق قىلىشنى خالىغان» دېسەك، توگەيدۇ.

## 6-سوئال: ئاللاھ مېنى يارىتىشنى مەندىن سورىدىمۇ؟

جاۋاب: بۇ ئەسلىدە ئۆسمۈر بالىلارنى ئاتا-ئانىسىغا ئاسىي قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن دۈشمەنلەر ئويدۇرۇپ چىقارغا مەنتىقىسىز بىر سوئال. ئاتا-ئانىسىغا ئاسىيلىق قىلىدىغان بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ بىر سېنى بېقىپ چوڭ قىلدۇق، دېگەن سۆزىگە «مېنى تۇغۇشنى مەندىن سورىغانمۇ؟ مەن سىلەرگە مېنى بېقىڭلار دېگەنمۇ؟» دەپ قارشىلىق كۆرسىتەتتى. ئەمدى ئاتېئىست ۋە دېئىست بولىۋالغان ئاسىي-باشتۇك ياشلار بۇ سوئالنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىدىغان بولىۋالدى. بىز بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز:

بىرىنچى، بۇ مەنتىقىسىز، مەنىسىدە زىتلىق بولغان بىر سوئال. چۈنكى ئاللاھ مېنى يارىتىشنى

مەندىن سوردىمۇ؟ دېگەنلىك، مەندىن سورىشى كېرەك، دېگەنلىك بولىدۇ. سىزدىن سوراش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سىزنى يارىتىشى لازىم ئەمەسمۇ؟ يەنى سىز بولمىسىڭىز قانداق سىزدىن سورايدۇ؟

ئىككىنچى، سىز ئۆزىڭىزنى نېمە دەپ چاغلايسىز؟ ئاللاھنى سىزدىن سوراپ ئىش قىلىدىغان سىزدىن تۆۋەن بىرىسى، دەپ ئويلامسىز؟ سىزگە بۇ يوغانچىلىقنى كىم بەردى؟ سىز بىر جىنايەت ئىشلەپ سوتقا بارسىڭىز، سوتتا سىزگە قانۇننىڭ پالانى ماددىسىغا ئاساسەن جازا بەرسە، «بۇ قانۇننى چىقارغاندا مەندىن سورىغانمۇ؟» دېيەلەمسىز؟ دېيەلمەيسىز. چۈنكى قانۇننى مەخسۇس ئورگان چىقىرىدۇ، خەلق ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. ھېچكىم بۇ قانۇننى يولغا قويغاندا مەندىن سورىغانمۇ دېيەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئالەمنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ نېمە ئىش قىلىشنى ھېچكىمدىن سورىمايدۇ. چۈنكى سوراش ئۈچۈن ئاللاھتىن ئۈستۈن بىر زات مەۋجۇد ئەمەس.

يەنە بىرى ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ۋە ئىنسانلارنى يارىتىشىدا كاتتا پايدىلار ۋە چوڭ ھېكمەتلەر بار. چۈنكى ئاللاھ مۇتلەق ھېكمەت ئىگىسىدۇر. قىلغان بارلىق ئىشىدا چوڭ پايدا ۋە ھېكمەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ.

يەنە ئاللاھنىڭ سېخىلىق ئىسمىنى

ئويلىشىمىز لازىم. مەسىلەن: بىر كىشى چوڭ بىر زىبايەت تەييارلاپ، دەستۇرخان سېلىپ نازۇ-نېمەتلەر بىلەن تولدۇرسا، ئاندىن مېھمانلارنى ئۇ دەستۇرخانغا چاقىرسا، ئۇ يەرگە كەلگەنلەردىن بىرى چىقىپ: بۇنچىلىك ئىززەت-ئىكرام ۋە زىبايەت قىلىپسىز، بۇنى مەندىن سورىدىڭىزمۇ؟ دېسە، بۇ توغرا بولامدۇ؟! بۇ ئىنتايىن قەبىھ ۋە ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يەريۈزىنى يارىتىپ ئۇنىڭدا خىلمۇخىل يېمەك-ئىچمەك ۋە نازۇ-نېمەتلەرنى يارىتىپ، ئىنسانغا ئاتا قىلغان تۇرسا، «مېنى يارىتىشنى مەندىن سورىدىڭمۇ؟» دېيىش ئەڭ قەبىھ ئىسيانكارلىق بولىدۇ. ئاللاھ سېخىدۇر، سېخىلىق قىلىشنى، ئىكرام قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەم بۇ دۇنيادا ئىكرام قىلىدۇ، ھەمدە ئاخىرەتتە ئىكرام قىلىدۇ.

بۇ سوئال روھىي بۇھرانغا گىرىپتار بولغان بىرىنىڭ سوئالى. بولمىسا پسىخىكىسى نورمال بىر كىشى بۇنداق بىمەنە سوئال سورىمايدۇ. چۈنكى ھەممە ئىنسانلار ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھېچكىم بۇ دۇنياغا كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، ئۆلۈپ كېتەي دېمەيدۇ. روھىي بۇھرانغا گىرىپتار بولغان كىشى «مەن نېمە بولۇپ بۇ دۇنياغا كېلىپ قاپتىمەن بولغىيدى؟ بۇ قىيىنچىلىقلار نېمىشقا مېنىڭ بېشىمغا كېلىدۇ؟» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ.

**7-سوئال: ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى بولسا، ئاللاھنى كىم ياراتتى؟**

جاۋاب: بۇ سوئالنى سوراشنىڭ ئارقىسىدا فىزىكىنى تولۇق بىلمىگەنلىك چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنى بىر مىسال بىلەن ئىزاھلايلى. دەيلىكى، مەن بىر تېلېفۇننى پىلانلاپ، ئىجاد قىلدىم. بۇنىڭدىن تەبىيئىي ھالدا ئىككى نەتىجە چىقىدۇ: بىرى بۇ تېلېفۇننى مەن پىلانلىغان ئىكەنمەن، مەن بۇ تېلېفۇندىن ئىلگىرى بار ئىدىم. يەنە بىرى مەن بۇ تېلېفۇننىڭ ئىچىدىكى پارچىلارنىڭ ئىشلەش قانۇنىيەتلىرىگە تەۋە ئەمەسمەن. چۈنكى مەن بىر ئىنسان بولۇپ، تېلېفونغا ئوخشىمايمەن. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ بۇ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى پىلانلىدى ۋە ياراتتى. تەبىئىيكى ئاللاھ كائىناتتىن ئاۋۋال بار ئىدى. ئىككىنچى ئاللاھ بۇ كائىناتتىكى ھېچنەرسىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى قانۇنىيەتلەرگە، زامان ۋە ماكانغا تەۋە ئەمەستۇر. دېمەك، كائىناتتىكى شەيئىلەر ھەققىدە سورىلىدىغان «ئۇنى كىم ياراتتى؟» دېگەن سوئالنىڭ ئاللاھقا ئىشلىتىلىشى توغرا بولمايدۇ.

يەنە بىر مىسال: ئون ۋاگونلۇق بىر پويىزغا قارايلى. ئەڭ ئارقىدىكى ۋاگوننى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ۋاگون سۆرەيدۇ، ئۇنى ئۇنىڭ

ئالدىدىكى ۋاگون سۆرەيدۇ، شۇنداق قىلىپ ئەڭ باشتىكى ۋاگوننى پاراۋوز سۆرەيدۇ. پاراۋوزنى ھېچنەرسە سۆرىمەيدۇ. ئۇ ئۆز كۈچى بىلەن ۋاگونلارنى سۆرەپ ماڭىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ئاللاھ ياراتقان، ئاللاھنى ھېچ كىم ياراتقان ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭدىن باشقا ياراتقۇچى يوق.

يەنە بىرى، «ئاللاھنى كىم ياراتتى؟» دېگەن سوئالنىڭ مەنىسى، ئاللاھ يوق ئىدى، كېيىن پەيدا بولدى، شۇڭا ياراتقۇچىغا مۇھتاج، دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى سانسىز مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلارنى يوقتىن ياراتقان زاتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ياراتقۇچى يوقتۇر. دېمەك، ئاللاھ كائىناتتىن ئىلگىرىمۇ بار ئىدى، ئۇ يوقتىن بار بولمىغان، شۇڭا ئۇ يارىتىلغان ئەمەس ۋە ياراتقۇچىغا مۇھتاج ئەمەستۇر. چۈنكى يوقتىن يارىتىلغان نەرسە يەنە يوق بولىدۇ، شۇڭا ئىلاھ بولالمايدۇ. ئىلاھ دېگەن ئەزەلدىن بار بولغان، بارلىقى ۋە داۋام قىلىشى ھېچنەرسىگە مۇھتاج بولمىغان، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغان، ئەبەدىي يوقالمايدىغان زاتتۇر. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھتۇر. ئۇ ئەزەلدىن ئەبەدقىچە ھەمىشە باردۇر، ھاياتتۇر، ئۇخلىمايدۇ، مۆكىدىمەيدۇ، يوق بولمايدۇ.

**8-سوئال: ئاللاھ بىزنى بىزگە ھاجىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ياراتقانمۇ؟**

جاۋاب: ھاجەت - ئاجىزلىق بولغاندا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىر ئۇقۇم. مەسىلەن: مەن سۇغا مۇھتاج. نىمە ئۈچۈن؟ چۈنكى مەندە ئاجىزلىق بار، سۇسىز ھاياتىمنى داۋاملاشتۇرالمايمەن. شۇڭا سۇغا مۇھتاجمەن. ئەمما ئاجىزلىق بولمىغان، چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھنىڭ ھېچنەرسىگە ھاجىتى يوقتۇر. مەسىلەن: ھەممە تەرەپ يورۇق بولغان بىر يەردە قاراڭغۇلۇق ۋە سايە ئۇقۇملىرى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاجىز بولمىغان، چەكسىز قۇدرەتلىك ئاللاھقا نىسبەتەن ھاجەت ۋە مۇھتاجلىق ئۇقۇملىرى بولمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ بىزنى بىزگە ھاجىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ياراتقان ئەمەس.

**9-سوئال: بىزگە ھاجىتى بولمىسا، نىمە ئۈچۈن ياراتتى؟**

جاۋاب: كائىناتتىكى مەخلۇقاتلار جانسىز مەۋجۇداتلار، ھايۋاناتلار، پەرىشتىلەر، جىنلار ۋە ئىنسانلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنسان بىلەن جىنلاردىن باشقىسى ئاللاھ تائالاغا مەجبۇرى بويسۇنىدۇ، ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدۇ.

لېكىن ئۇلاردا بىر ئىشنى قىلىش قىلماسلىق ئىختىيارى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مەجبۇريي ھالدا ئەمەس ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن ئىبادەت قىلىدىغان بىر مەخلۇق يارىتىشنى خالىغان، جىنلارنى ئوتتىن ئادەمنى توپراقتىن يارىتىپ، ئۇلارغا توغرا بىلەن خاتانى، پايدا بىلەن زىياننى ئاڭقىرالايدىغان ئەقىل-ئىدراك؛ ھەرقانداق ئىشنى قىلىش-قىلماسلىقنى خالىيالايدىغان ئىرادە، قىلىدىغان ئىشنى تاللىيالايدىغان ئىختىيار بەرگەن. ئىنسانغا ئۆز ئەقلى بىلەن ياراتقۇچى ئىگىسىنى تونۇپ، ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى بىلەن ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىش ۋە يەريۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى بەرگەن. ئىنسانغا بۇ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ياردەمچى بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ۋە كىتابلارنى ئەۋەتكەن. ئاللاھ تائالا ئىنساننى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم.»[8]

8 سۈرە زارىيات: 56- ئايەت.

**10-سوئال: دۇنيادا ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىك، زۇلۇم، باسقۇنچىلىق قاتارلىق يامان ئىشلار كۆندىن كۈنگە كۆپىيىپ كېتىپ بارىدۇ. ئەگەر ئاللاھ بار بولسا، نېمە ئۈچۈن بۇنداق يامان ئىشلارنىڭ داۋاملىشىشىغا قاراپ تۇرىدۇ، ئۇنى توختاتمايدۇ؟**

جاۋاب: دۇنيادا ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇملارنىڭ بولۇشى، ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ يوقلىقىغا-ئاتېئىزمغا دەلىل بولالمايدۇ. بۇ سوئال خۇددى بىر تېلېفوندىكى بەزى خۇسۇسىيەتلەرنى ئەرزىتمىگەن بىرىنىڭ بۇ تېلېفوننىڭ ياسىغۇچىسى يوق، دېگىنىگە ئوخشاش مەنتىقسىزدۇر. بۇ دۇنيادا ھەر تۈرلۈك زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلەش ۋە ئىمتىھان يېرى بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا تاللاش ئەركىنلىكى ۋە ئىرادە بەرگەن. بەزى ئىنسانلار بۇ ئەركىنلىكىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، زۇلۇم قىلىدۇ، قان تۆكىدۇ. ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغانلار بىرلىشىپ زۇلۇمغا قارشى تۇرىدۇ، زالىمنى يوقىتىدۇ ياكى ئۇنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا يول قويمايدۇ. دۇنيادا مۇشۇ شەكىلدە تىنچلىق ئامانلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئەمما ھەق ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشمىسا،

زالىمغا قارشى كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدا بولمىسا، ھەممىسى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى دەپ زۇلۇمغا كۆز يۇمسا، زۇلۇم داۋام قىلىدۇ، ئادالەت بولمايدۇ، ناھەقچىلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ.

## 11-سوئال: ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن چارە-تەدبىر كۆرسەتمەيدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ چارە-تەدبىر كۆرسەتتى، پەيغەمبەر ئەۋەتىپ كىشىلەرنى ئادالەتكە باشلىدى. قۇرئان كەرىمدە زۇلۇمنى ھارام قىلدى، بىر ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرۈشنى پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەنلىك بىلەن تەڭ بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.[9] مۇھتاجلارنى يۆلەش ئۈچۈن زاكات بېرىشكە بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىسىنىڭ ئاچلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ توق ياتقان كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دېمەك، دۇنيادىكى ناھەقچىلىكلەر ۋە زۇلۇملار بەزى ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسى ۋە جىنايەتكە يۈزلىنىشى بىلەن بولسا، يەنە بەزى ئىنسانلار ئۈچۈن ئىمتىھان ۋە سىناقتۇر. ئەگەر ئىنسان

---

9 «كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. كىمكى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغاندەك بولىدۇ...» [نىسا سۈرىسى: 32- ئايەت].

ئاللاھ بۇيرۇغان چارە-تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلمىسا، جىنايەتچى ئۆزىدۇر. سەممىي بىر شەكىلدە تەتقىق قىلغان كىشى بۇ ھەقىقەتنى كۆرەلەيدۇ.

**12-سوئال: بۇ ياراتقۇچى ئاللاھ كۈچ-قۇدرىتى چەكسىز ۋە ناھايىتى رەھىملىك ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن جىنايەتلەرنى توختاتماي، ئۇنىڭغا يول قويىدۇ؟**

جاۋاب: بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە كۈچ ياكى رەھىم-شەپقەت مەسىلىسى ئەمەس. بۇ يەردىكى مەسىلە ھېكمەت مەسىلىسىدۇر. ئاللاھنىڭ شەپقەتسىز بولۇشى ئىمكانسىزدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا چەكسىز مېھرىبان، تولىمۇ شەپقەتلىك زاتتۇر. مېھرى-شەپقەتنى ياراتقان، ئانىنىڭ قەلبىدە بالىسىغا شەپقەت قىلىش تۇيغۇسىنى بەرگەن ئاللاھتۇر. ناھەقچىلىك ۋەقەلىرىگە رەھىمدىللىك نەزىرى بىلەن قاراپ، زۇلۇم قىلىنغۇچىغا ئىچىمىزنى ئاغرىتىش ھېسسىنى بەرگەنمۇ ئاللاھتۇر. رەھىمدىللىكىنىڭ تەسىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى بەرگۈچىنى ئىنكار قىلىش ئەقىلسىزلىقتۇر. تۇغۇلغان ۋاقتىمىزدىن تارتىپ ئاللاھ بىزگە مېھرىبانلىقىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: بىر كىشى بىر ئىستىكان سۇ بەرسە،

ئۇ كىشىنى رەھىمدىل، شەپقەتلىك كىشى ئىكەن دەپ تونۇپ، پۈتۈن سۇلارنى ياراتقان، يامغۇرلارنى ياغدۇرغان ئاللاھنى قانداقمۇ شەپقەتسىز دېيەلەيمىز؟!

ئاللاھ تائالا ئىنساننى ناھايىتى كاتتا ھېكمەت بىلەن ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا ئىرادە ئاتا قىلغان. ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادىسىنى خاتا يولدا ئىشلىتىشى ئۆزىنىڭ يامانلىقىدۇر. مەسىلەن: ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولغاندەك، نۇرغۇن پايدىلىرىمۇ بار. ئىنسانلار ئوت ئارقىلىق تاماقلىرىنى پۇشۇرۇپ يەيدۇ ۋە باشقا پايدىلىرىنى كۆرىدۇ. ئەمما ئىنسان قولىنى ئوتقا تىقسا، ئوت ئۇنىڭ قولىنى كۆيدۈرىدۇ. ئەمدى ئوت كۆيدۈرىدىكەن دەپ، ئوتنى ياكى ئۇنى ياراتقۇچىنى رەھىمسىز دېيىشكە بولمايدۇ. يەنە پىچاقنى مىسال قىلساق، پىچاقنىڭ ياسىلىشىدا كۆپلىگەن پايدا بار، لېكىن بىرى ئۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرسە، بۇ ئۇ ئادەمنىڭ يامانلىقى. پىچاق بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدىكەن دەپ، پىچاقنى ياسىغۇچىنى رەھىمسىز، يامان ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانغا بېرىلگەن ئىرادىنىڭمۇ نۇرغۇن پايدىلىرى بار. ئىنساننى باشقا مەخلۇقلاردىن ئايرىدىغان ۋە يامان-ياخشىنى پەرق ئېتەلەيدىغان قىلغان نەرسە ئۇنىڭ ئىرادىسىدۇر. بۇ ئىنسان ئىرادىسىنى

يامان ئىشقا ئىشلىتىپ زۇلۇم قىلسا، بىرىگە باسقۇنچىلىق قىلسا، بۇ ئۇنىڭ يامانلىقىدۇر. ئىرادىنىڭ يامانلىقى ياكى ئۇنى ياراتقۇچىنىڭ رەھىمسىزلىكى ئەمەستۇر.

ئەمدى ئاللاھ نېمە ئۈچۈن جىنايەتلەرنى توختاتمىغانلىقىغا كەلسەك، ئەگەر ئاللاھ خالىسا بۇ دۇنيادا ھېچقانداق جىنايەتنىڭ قىلىنىشىغا يول قويمايدۇ ۋە جىنايەت قىلغان كىشىنى دەرھال ھالاك قىلىۋېتەلەيدۇ. لېكىن ئۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنياغا يارىتىلىش غايىسى ۋە ھېكمىتىگە زىت كېلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى ئىمتىھان ئۈچۈندۇر. ئىمتىھان ئۈچۈن يارىتىلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ياخشى يامانني تاللىيالايدىغان ئىرادە ۋە قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلالايدىغان ئەركىنلىك بېرىلىشى لازىم. ئىنسان مەجبۇرىيەت ئاستىدا قالماستىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىش قىلالىغاندا، ئاندىن ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىغا مۇكاپات، يامانلىقىغا جازا بەرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىمىزكى، بۇ دۇنيادا ياخشى-يامان ئىشلارنىڭ بولۇشى، زۇلۇملار، جىنايەتلەر ۋە باسقۇنچىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشى ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىنى خاتا يولدا ئىشلەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەگەر ئاللاھ جىنايەت ۋە زۇلۇملارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويمىسا، بىراۋ بىر جىنايەت قىلغىلى

قوپسا، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالسا ياكى قولىنى ئىشلىمەس قىلىپ قويسا، ئۇ چاغدا ئىمتىھان ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر ئىرادە يوقىلىپ، پۈتكۈل جىنايەتلەرنىڭ ئالدى ئېلىنسا، ئۇ چاغدا ياخشىلار بىلەن يامانلار ئوخشاش بولىدۇ. كۆمۈر روھلۇق ئىنسان بىلەن ئالماس روھلۇق ئىنسان بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. دېمەك، ياخشى، ياردەمسۆيەر ئىنسانلارنى زالىملاردىن ئايرىغان نەرسە، بۇ زۇلۇم ۋە جىنايەتلەرنىڭ بارلىقىدۇر. ئەگەر ئىمتىھان بولمىسا ئىدى، ھەممە ئىنسان ئوخشاش بولاتتى، مۇكاپات-جازا بولمايتتى ۋە ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنياغا يارىتىلىشى ھېكمەتسىز، پايدىسىز، بىھۇدە ئىش بولاتتى. ئاللاھ مۇتلەق ھېكمەت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق بىھۇدە ئىش قىلمايدۇ.

## 13-سوئال: بۇ دۇنيا ھېچبىر زۇلۇم ۋە جىنايەتلەر يوق، ئىنسانلار كۆز يېشى تۆكمەيدىغان گۈزەل بىر يەر بولالامتى؟

جاۋاب: ئۇنداق گۈزەل بىر يەر ئەمەلىيەتتە بار. ئۇ بولسىمۇ جەننەتتۇر. ئىنسانلار ئاشۇ گۈزەل يەرگە كىرىشكە لايىق بولسۇن ئۈچۈن بۇ دۇنياغا يارىتىلغان. ئىنسانلار مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدىن باشقا ياشايدىغان يەر يوق دەپ ئويلاپ، بۇ دۇنياغا

جەننەتكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن، نېمىشقا مۇسىيبەتلەر بار، جىنايەتلەر ۋە زۇلۇملار يوق بىر يەر بولسا بولمامدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى سورايدۇ. ھالبۇكى ئارزۇ قىلىنغان ئۇ گۈزەل يەر جەننەتتۇر. بۇ دۇنيا جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئەمگەك يېرىدۇ. بۇ ئەمگەك مەيدانىدا ئىنسانلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئەلبەتتە قىيىنچىلىقلار بولىدۇ. بۇ دۇنياغا ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يېرى دەپ قارىساق مەسىلە يېشىلىدۇ.

# پەيغەمبەرلەر ھەققىدە

**14-سوئال: نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتىلدى، پەيغەمبەرگە نېمە ھاجەت بار؟**

جاۋاب: دۇنيا ھاياتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن دىن ۋە پەيغەمبەر لازىم. بۇنى مۇنداق بىر مىسال بىلەن چۈشىنىشكە بولىدۇ: پەرەز قىلايلىكى، دۇنيادىكى بارلىق رەڭلەرنى ئىشلىتىپ بىر رەسىم سىزساق، ئاندىن بۇ رەسىمنى قاراڭغۇ بىر كۆرگەزمىخانىدا قويساق ۋە بارلىق ئىنسانلارنى بۇ رەسىمنى كۆرۈشكە چاقىرساق، كۆرگەزمىخانىنى چىراقلار بىلەن يورۇتماي قاراڭغۇ ھالەتتە قويساق، بۇ بىمەنىلىك بولمامدۇ؟ ئەلبەتتە بىمەنىلىك بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار قاراڭغۇدا ئۇ رەسىمدىكى رەڭگارەڭ گۈزەل سەنئەتلەرنى كۆرەلمەيدۇ. ئەسلىدە رەسىمگە رەڭلەرنى ئىشلەتكەنلىكىمىز، ئۇنى قويغان يەرنى يورۇتىدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالەم مىڭلارچە رەڭ ئىشلىتىپ سىزىلغان رەسىمگە ئوخشاش مەنە ۋە ھېكمەتلىرى بار بىر ئەسەردۇر. ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ مىڭلارچە مەنىسىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك

نۇرى بىلەن يورۇتۇلۇشى لازىم بولىدۇ. خۇددى رەڭلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن نۇر لازىم بولغاندەك، كائىناتنىڭ مەنىلىرىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلىك نۇرى لازىم. دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئەقلىگە تايىنىپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قابىلىيىتى بار بولغان مەخلۇق ئىنساندۇر. ئىنسان تۇغۇلۇپ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى ئاڭقىرالايدىغان بولغاندىن باشلاپ ھەممە نەرسىنى سوراپ ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلىشى ۋە ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋەزىپىسىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئورۇندىيالىشى پەقەت پەيغەمبەر بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

مەن قەيەردىن كەلدىم؟ نېمە ئۈچۈن كەلدىم؟ مېنى بۇ يەرگە كىم ئەۋەتتى؟ قەيەرگە بارىمەن؟ بۇ مەۋجۇداتلار نېمە ئۈچۈن يارىتىلدى؟ بۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى نېمە؟ دېگەندەك، تەپسىلىي مەلۇمات تەلەپ قىلىدىغان سوئاللارغا پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن توغرا جاۋاب تاپالايمىز.

ئەگەر پەيغەمبەرلەر كەلمىگەن بولسا ئىدى، ئىنسانلار تىرىشىپ توغرا جاۋاپ تاپالمايتتى، ۋەزىپىلىرىنى بىلمەيتتى. چۈنكى پەيغەمبەرنى قوبۇل قىلمىغاندا مىڭلارچە قاراش ۋە پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقاتتى، قايسىنىڭ ھەق

ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن بولمايتتى. ھەركىم ئاغزىغا كەلگەننى دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر بىلىنمەيتتى. ئاتېئىست ۋە دېئىست دېگەنلەر ھەرخىل چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ، ئەمەسمۇ؟ مۇزىيخانىغا بارساق رەھبەر بېرىلىدۇ. مەكتەپكە بارساق مۇئەللىم بېرىلىدۇ. مەسىلەن: مەكتەپكە بارسىڭىز مۇئەللىم بولمىسا، ئۆگەنمەكچى بولغان گېئومېترىيە دەرسىنى ئۆزىڭىز ئۆگىنەلەمسىز؟ مەسىلەن: بىر مۇزىيغا باردىڭىز، ئۇ يەردىكى تارىختىن قالغان ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى چۈشەندۈرىدىغان بىر رەھبەر بولمىسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسىز. بەلكى كونىدىن قالغان ھېچقانداق قىممىتى يوق بىر نەرسە دەپ ئۆتۈپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. ھالبۇكى ئۇ ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەردۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش بىز بۇ دۇنياغا كەلدۇق، بۇ يەردىكى چوڭ-كىچىك ھەممە نەرسە ئىنتايىن قىممەتلىك. ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ھېكمىتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئالمىغا قارىساق، ئاللاھ تائالانىڭ بىر نەچچە ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىزگە بىلدۈرىدۇ. بىر پەيغەمبەر كەلمىسە، ئۇ ئالمىنىڭ ۋە باشقا مەۋجۇداتلارنىڭ ئاللاھ

تائالاغا دالالەت قىلىدىغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟ پەيغەمبەرنى قوبۇل قىلمايدىغان بىر ئاتېئىست: «ئالما ئۆزلىكىدىن پەيدا بولغان ياكى تەبىئەت ياراتقان، ئاتوملاردىن مەيدانغا كەلگەن بىر مېۋە» دەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. يەنى ئۇنىڭدىكى مەنە ۋە سىرلارنى بايقىيالمايدۇ. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ كائىناتنىڭ مەنىلىرىنى بايقىيالىشى، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بىلەلىشى ۋە ئىنسانلىق ۋەزىپىسىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى ئادا قىلالىشى ئۈچۈن پەيغەمبەرگە مۇھتاج.

**15-سوئال: پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلمىسىمۇ، ئىنسانلار بۇ ئۇقۇملارنى ئۆزلىرى چۈشىنەلمەمدۇ؟**

جاۋاب: چۈشىنەلمەيدۇ. مەسىلەن: بىر كۆرگەزمىخانىدا قەدىمقى زاماندىن قالغان ئاسارى ئەتىقە ئەسەرلەر بار. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك ئاسارى ئەتىقە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان رەھبەر بولمىسا، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇ ئەسەرنى ھېچبىر قىممىتى يوق، كونا نەرسە، دەپ قارىشى مۇمكىن. مەسىلەن ئۇنىڭ قىممىتى بەش مىليون دوللار بولسا، ئىنسانلار ئۇنى بەش دوللارلىق نەرسە دەپ قېلىشى مۇمكىن.

يەنى بۇ يەردە رەھبەر بولماستىن بىر ئەسەرنىڭ قىممەتلىك ئاسارى ئەتىقە بولغانلىقىنى چۈشىنىلمەيدۇ، بەلكى خاتا چۈشەنچىلەرگە سەۋەب بولىدۇ. يەنى بىر نەرسىنىڭ ئاسارى ئەتىقە بولغانلىقى نەدە؛ كائىناتتىكى مەخلۇقاتلارنىڭ قىممىتى نەدە؟ بۇنىڭغا بىر كىشى باھا بېرىشى مۇمكىن، لېكىن خاتالىشىش ئېھتىمالى ناھايىتى كۆچلۈك. ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ ئوي-پىكىرلىرىگە قارايدىغان بولساق، بۇ ئالەم ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەر ۋە ئىزاھاتلار بار. ھەتتا كۆنىمىزدىكى كۆپلىگەن كىشىنىڭ كائىناتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: بىراۋ قۇياشقا قارىسا، ئۇنىڭدىن بىر ھېكمەت چىقىرالامدۇ ياكى قۇياش دۇنيادىن بىر يېرىم مىليون ھەسسە چوڭ، ئەتىگەندە شەرقتىن چىقىپ، كەچتە غەربتە پاتىدىغان نەرسە، دەپ ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟ خاتا چۈشىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھېكمىتىنى بىلىشتىنمۇ ئاجىز بىر ئەھۋالدىمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەقىقىي ھېكمىتىنى پەقەت ئۇنى ياراتقان زات-ئاللاھنىڭ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق چۈشىنىش مۇمكىن بولىدۇ.

دېمەك، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا چەكسىز

مېھرىبان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرىغا توغرا جاۋاب بېرىدىغان، توغرا يولنى كۆرسىتىپ ۋەزىپىلىرىنى بىلدۈرىدىغان، خاتا يولغا كىرىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ۋە ئۇلارغا بەخت-سائادەت ئۈلگىسى بولىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن.

## 16-سوئال: ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئوتتۇرا شەرققە كەلدى؟

جاۋاب: ئالدى بىلەن مۇنداق بىر سوئال سورايلى: بۇ مەلۇماتنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلىمىز؟ چۈنكى بۇ سوئالنى سورىغۇچى «پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئوتتۇرا شەرققە كەلگەن» دېگەن بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىكەن ئۇنى ئىسپاتلىشى لازىم.

ئىسلامنىڭ قارىشىچە بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئىسلامدا پەيغەمبەرلەر پەقەت ئوتتۇرا شەرققە ئەۋەتىلگەن ياكى ئوتتۇرا شەرققىلا پەيغەمبەر كەلگەن، دەيدىغان بىر قاراش يوق. ئەكسىچە قۇرئان كەرىم دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە ئىنسان بولسا، شۇ يەرگە پەيغەمبەر كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھەتتا بىر ئايەتتە «ئىچىدە پەيغەمبەر ئەۋەتىلمىگەن ھېچبىر

ئۇممەت يوقتۇر» دەيدۇ.[10] دېمەك، بۇ دۇنياغا ئىنسان يارىتىلغاندىن بېرى قانچىلىك ئۇممەت، مىللەت، قەۋم كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەندۇر.

قۇرئان كەرىمدە 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى زىكرى قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ 25 كىشىدىن ئىبارەت ئەمەسلىكىنى، بەلكى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بايان قىلىپ: «بىز بۇرۇن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساڭا قىسسە قىلىپ بەرگەن پەيغەمبەرلەرمۇ بار، قىسسە قىلىپ بەرمىگەن پەيغەمبەرلەرمۇ بار» دەيدۇ.[11] دېمەك، مۇسۇلمانلاردىن نېمىشقا پەيغەمبەرلەر پەقەت ئوتتۇرا شەرقتىلا كەلدى؟ دەپ سوراش توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنداق بىر قارىشى يوق.

بارلىق ئۇممەتلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە تۇفان بالاسىنى دۇنيانىڭ پەرقلىق يەرلىرىدىكى مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرنىڭمۇ بىلگەنلىكى بىر ھەقىقەت. ھەرخىل مەدەنىيەت ۋە

10 سۈرە فاتىر: 24- ئايەت.

11 سۈرە نىسا: 164- ئايەت.

جەمئىيەتلەردە تۇفان ۋەقەسىنىڭ قىسسىسى تېپىلىدۇ. يەنە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلىش ۋەقىسىمۇ نۇرغۇن مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەردە بايان قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان پەيغەمبەر قىسسىلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان باشقا جەمئىيەتلەردىمۇ بىلىنىشى بىزگە ئۇلارغىمۇ پەيغەمبەرلەر كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ۋەقەلەرنى ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەردىن ئۆگەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىدىكى سوئالنى مۇنداقچە قىلىپ سورايلى: نېمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرا شەرققە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭلا قىسسىسى بايان قىلىندى؟

بۇ سوئالغا ئۈچ جەھەتتىن جاۋاب بېرىمىز:

بىرىنچى: ئىنسانلارنىڭ يەرلىشىش يەرلىرىگە قارىساق، ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە يەرلەشكەنلىكى ۋە ئۇ يەردىن باشقا يەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەنلىكى تارىخىي ھەقىقەت. بۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ئوتتۇرا شەرققە كەلگەن دېسەكمۇ، لوگىكىلىق بىر جاۋاب بولىدۇ.

ئىككىنچى: قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرا شەرققە

كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىشى، مەككە ۋە مەدىنە خەلقىنىڭ ئۇ پەيغەمبەرلەرنى بىلىدىغانلىقى ۋە مەيلى توغرا مەيلى خاتا ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئۈچۈنچى: قۇرئان كەرىمدە قىسسىلەر بىر ھېكايە بولسۇن دەپ بايان قىلىنمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ھەربىر قىسسىنىڭ ئايەت نازىل بولۇۋاتقاندا مەككىدە ۋە مەدىنىدە يۈز بېرىۋاتقان بىر ۋەقە بىلەن مۇناسىۋىتى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىنى كۆرسىتىش، دەرس ئېلىش ۋە تەسەللىي بولۇشى ئۈچۈن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەقەلىكىدىن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەككە-مەدىنىدىكى ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىرىدە ياشاپ ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنىش ئارقىلىق تەربىيە ئىشلىگەن.

**17-سوئال: ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى قايسى ئۆلچەمگە ئاساسەن تاللايدۇ؟ مەن نېمىشكە پەيغەمبەر بولالمايمەن؟**

جاۋاپ: پەيغەمبەرلىككە تاللىنىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە تاللىشى بىلەن بولىدۇ. يەنى بىر كىشى كۆپ تىرىشىپ ئىشلەش ۋە كۆپ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەرلىككە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ئەزەلىي بولغانلىقى يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆتمۈش ۋە كېلەچەكنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن كىمنىڭ پەيغەمبەرلىككە لايىق بولىدىغانلىقىنى ئۆزى بىلىپ تاللايدۇ.[12] پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھاياتىدا ھەر دائىم ياخشى بەندە بولۇشنا ئۇلگە ياراتقان ۋە خەلقى ئىچىدە ياخشى كىشى دەپ تونۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا قارىساق، پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ «ئىشەنچلىك، راستچىل» دېگەن گۈزەل لەقەم بىلەن مەشھۇر بولغانلىقىنى، خۇددى پەيغەمبەردەك ياشىغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇڭا پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنى

12 «ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى (يەنى كىمگە بېرىشنى) ئوبدان بىلىدۇ..» [سۈرە ئەنئام، 124 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

يامان بىر قىلىقنى بىلەن ئەيىبلىگەن ياكى سەن ھازىر چەكلىگەن ئىشنى بۇرۇن ئۆزەڭ قىلاتتىڭ، دېگەن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ھاياتىدا ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدىغان ۋە يامان كۆرۈلىدىغان ھېچقانداق بىر يامان ئىش قىلغان ئەمەس.

**18-سوئال: ئىنسانلارغا داۋاملىق پەيغەمبەر كەلگەن بولسا، ھازىر نېمىشقا پەيغەمبەر كەلمەيدۇ؟ ھازىرقى ئەھۋال پەيغەمبەرگە ئەڭ كۆپ ئېھتىياجلىق زامان ئەمەسمۇ؟**

جاۋاب: ئىنساننى بىر ئوقۇغۇچىغا، بۇ دۇنيانى بىر مەكتەپكە ئوخشاتساق، ئىنسانىيەت باشلانغۇچتىن باشلاپ تاكامۇللىشىپ، مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىقىدىغان باسقۇچقا كەلگەندە، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر پۈتكۈل دۇنياغا ئومۇمىي خىتاب قىلىدىغان، ئالەمشۇمۇل بىر كىتاب بىلەن كەلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاۋۋىلى ۋە ئاخىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئاخىرقى دەۋرنى ياشاۋاتىمىز. نېمىشقا يېڭى پەيغەمبەر كەلمىدى؟ چۈنكى:

1- كىتاب يەنى قۇرئان ئۆزگەرتىلمىدى.

2- قۇرئان كەرىم دۇنيادا هازىر مەۋجۇد بولغان مۇشكۇللەرنى هەل قىلالايدۇ.

3- قۇرئان كەرىمدىكى مەلۇماتلار دۇنيانىڭ هەممە يېرىگە ئۇلىشىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن يېڭى بىر پەيغەمبەر ۋە يېڭى بىر كىتاب ئەۋەتىشكە هاجەت يوق. چۈنكى، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى بىلەن بىرلىكتە پۈتكۈل ئىنسانلارغا مەلۇمات يەتتى ۋە مۇشكۇللەر هەل بولدى. قىيامەتكە ئاز قالغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىيەت ئوقۇشىنى تاماملىدى، مەكتەپنى پۈتتۈردى؛ بۇندىن كېيىن قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى قالدى.

ئەسلىدە بىر پەيغەمبەردىن كېيىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن مەلۇماتلار بۇرمىلىنىپ، كىتابلار ئۆزگەرتىلىپ، هەقىقەت بىلىنمەس هالغا كەلگەندە، ئاللاھ تائالا يېڭى بىر پەيغەمبەر ئەۋەتەتتى. يەنە بىرى دۇنيانىڭ بىر تەرىپىدە ياشىغان ئىنسانلار يەنە بىر تەرىپىدە ياشىغان ئىنسانلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا هەر يەردىكى ئىنسانلارغا ئايرىم پەيغەمبەر ئەۋەتەتتى. ئەلبەتتە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامدۇر. ئۇ ئېلىپ كەلگەن كىتاب ۋە مەلۇماتلار دۇنيانىڭ هەممە يېرىدىكى ئىنسانلارغا

ئۇلاشتى ۋە قىيامەتقىچە كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۆزگەرتىلمەيدۇ. شۇڭا يېڭى بىر پەيغەمبەرگە ھاجەت يوقتۇر.

**19-سوئال: پەيغەمبەرلىك ئۈستۈن بىر ماقام، نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر چۈشكە تايىنىپ ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا ئۇرۇندۇ؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ساداقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرخىل يوللار بىلەن سىنايدۇ. پەيغەمبەرلەرمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش سىنىلىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمتىھان ۋە سىناقلىرىمۇ باشقىلاردىن ئېغىر بولىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «خەلىلۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى)» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن، ئۇلۇغ زات ئىدى. ئاللاھ تائالا ئەڭ يېقىن دوستىنى ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلىنى ئەڭ يېقىن دوستى بولغان ئاللاھ ئۈچۈن پىدا قىلالامدۇ-يوق، سىنىماقچى بولدى. ئىمتىھاننى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئوغلىنى ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشىدە كۆرسەتتى. بۇ، سۆيۈملۈك ئوغلۇڭنى مەن ئۈچۈن قۇربانلىق

قىلغىنى دېگەن بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تەرىپىدىن تاللانغان ئالاھىدە كىشىلەر بولغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ چۈشلىرىمۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاللانغان ئالاھىدە چۈش بولىدۇ. يەنى بىر پەيغەمبەرنىڭ چۈش كۆرۈشى باشقىلارنىڭ چۈشىگە ئوخشىمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشلىرى ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چۈشىدە ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىپ كۆرگەندە، ئاللاھ تائالادىن ئۇنى قۇربانلىق قىلىش ئەمرىنى ئالغان بولىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشقا بەل باغلىغاندا، ئەھۋالنى ئوغلىغا بىلدۈرۈپ: «ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! قانداق قارايسەن؟» دېدى. ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ: «ئى دادا! بۇيرۇلغان ئىشنى قىلغىن» دېدى. يەنى دادا-ئوغۇل ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ساداقىتىنى ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلىغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا بىر قوچقارنى چۈشۈرۈپ، ئوغلىنىڭ ئورنىغا ئۇ قوچقارنى قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇشنىڭ قانداق ياخشىلىق بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە كۆرسەتكەن بولدى. پەيغەمبەرلەر بىرەر مۇئەللىم ۋە ئۈلگىدۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن پۈتكۈل ئىنسانلار ساۋاق ئېلىشى لازىم. پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر بىزگە قۇرئان كەرىمدە بىلدۈرۈلدۇ ۋە بىز ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئاللاھ تائالاغا قانداق بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىمىز.

**20-سوئال: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھىنى نېمىشقا بىز تارتىمىز؟ ياكى ئادەم ئەلەيھىسسالام مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋەسىنى يېمىگەن بولسا، بىز جەننەتتە بولامتۇق؟**

جاۋاب: بىزنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھىنى تارتقانلىمىز ئۈچۈن ئەمەس. ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى باشقىسىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك جازالىمايدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ سالغانلىق خاتالىقىغا تەۋبە قىلغان ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەپۇ قىلغان، ئىش تۈگىگەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلىشتىن ئاۋۋال ئاللاھ تائالا ئىنساننى يەريۈزىدە خەلىپە قىلىشنى ئىرادە قىلىپ بولغان.[13] يەنى

13 «ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار (ئىنسان) يارىتىمەن» دېگەن ئىدى. پەرىشتىلەر:

ئىنسان بىكارغا يارىتىلمىدى، ئۇنىڭ بىر ۋەزىپىسى بار. ئۇ بولسىمۇ دۇنياغا كېلىپ، ئۇنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاللاھنى تونۇپ، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىشتۇر. ئاللاھنى تونۇش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا ئوخشاش بىر ئىمتىھان ساھەسى لازىم بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ شىپالىق بەرگۈچى زات ئىكەنلىكىنى تونۇش ئۈچۈن، كېسەل بولىدىغان، ئاللاھنىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى تونۇش ئۈچۈن ئاچلىق تارتىدىغان بىر دۇنياغا كېلىشىمىز لازىم. ئىنساننىڭ نەپسى بار، ھۆر ئىرادىسى بار. ئىنساننىڭ قىممىتى ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن، توغرا بىلەن خاتا بىرلىكتە تېپىلىدىغان يەرگە كېلىپ، ھۆر ئىرادىسى بىلەن نەپسىنى يېڭىپ، توغرىنى تاللىيالىشى كېرەك. دېمەك، ئىنساننىڭ قىممىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ۋەزىپىسى سەۋەبلىك دۇنياغا ئەۋەتىلگەن.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتە مەنئى قىلىنغان مېۋەنى يېگەنلىك ۋەقەسى، پەقەتلا بىر سەۋەب ۋە باھانەدىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭدا ئىنسانغا چوڭ ئىبرەت بار. مەسىلەن:

1- شەيتاننىڭ ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولغانلىقىنى؛

«يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (ئىنسان) نى ئورۇنباسار قىلامسەن؟ ھالبۇكى، بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز ۋە ئۇلۇغلايمىز» دېدى. ئاللاھ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى.» سۈرە بەقەرە: 30- ئايەت.

2- ئۇنتۇش ۋە گۇناھ قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئىكەنلىكىنى؛

3- گۇناھ قىلىپ سالسا، دەرھال تەۋبە قىلىش كېرەكلىكىنى؛

4- تەۋبە قىلسا ئاللاھ تائالانىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھىنى كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلىش قاتارلىق بىر نەچچە مۇھىم دەرسلەرنى ئالىمىز.

دېمەك، ئىنساننىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتە مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىدۇر. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان جاي ئىدى. شۇڭا بۇ يەرگە ئەۋەتىلدى.

**21-سوئال: باشتىلا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتسە، ئۇنىڭ شەرىئىتى داۋام قىلسا بولمامتى؟ شۇنچە كۆپ پەيغەمبەر ئەۋەتىشكە نېمە ھاجەت بار ئىدى؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا تەلىم-تەربىيە ھاياتىدا رەھبەرلىك قىلىدىغان كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. پەيغەمبەرلەر كۆپ بولغان بىلەن ھەممىسىنىڭ دىگىنى بىردۇر. چۈنكى پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلارنى

چاقىرغان نەرسىسى تۆت ئاساستۇر:

1- ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش.

2- پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

3- ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش.

4- ئادالەتنى بەرپا قىلىش.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەت ۋە تۇرمۇش مەسىلىلىرىگە ئالاقىلىق ھۆكۈملەر ھەر جەمئىيەتنىڭ تەبىئىتىگە لايىق بولغان.

قەدىمقى زامانلاردا بۈگۈنكىدەك قاتناش ۋە ئالاقە-ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىرلا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانلار ئاشۇ پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسۇن، دېسە، بۇ ئۇ چاغدىكى ئىنسانلار ئۈچۈن ئىمكانسىز بىر ئىش ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەرقلىق يەرلەردە ياشىغان ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئۆز ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا بولغان رەھمەت-شەپقىتى ۋە نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلەر سەۋەبلىك پەرقلىق يەرلەرگە پەرقلىق پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەن، ئەينى ۋاقىتتا ئىككى پەيغەمبەر كەلگەن ئەھۋالمۇ بار.

**22-سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزە كۆرسىتىشى ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشتىكى تاللاش ئىختىيارىنى بىكار قىلىۋەتمەمدۇ؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن بۇ سوئالغا بىر سوئال بىلەن جاۋاب بېرەيلى: پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىسى ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشتىكى تاللاش ئىختىيارىنى بىكار قىلىۋەتتىمۇ؟ مۆجىزىنى كۆرگەن پۈتكۈل ئىنسانلار ئىمان ئېيتتىمۇ؟ ئىمان ئېيتمىدى. دېمەك، مۆجىزە ئىختىيارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئىختىيار داۋاملىشىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشارەت قىلىشى بىلەن ئاي ئىككىگە يېرىلدى. مۇشرىكلار ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىمان كەلتۈرمىدى ۋە «بۇ بىر سېھىر» دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەسىنى ئويلاپ باقايلى، ئۇنىڭ قولىدىكى ھاسا يىلان بولدى، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئەھۋالنى كۆردى، يەنە ئىمان كەلتۈرمىدى. ھەتتا پىرئون مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ”سەن سېھىرگەرلەرنىڭ ئۇستازىسەن“ دېدى. يەنى پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەر ئىمتىھان سىررىنى بىكار قىلغان ئەمەس. بىراۋ ئىمان كەلتۈرۈشنى خالىمىسا مۆجىزىنى كۆرسىمۇ ئىمان كەلتۈرمەيدۇ. كۈنىمىزدىمۇ بۇ ھەقىقەت مەۋجۇد. قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ مەڭگۈلۈك مۆجىزىسى. ئۇنىڭ ئىچىدە كۈنىمىزدە ئىلمىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە چىقىۋاتقان نۇرغۇن مۆجىزىلەر بار. مەسىلەن: قۇرئاننىڭ بىر ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار! دېگەن بىر مۆجىزە بار. ھازىرغىچە ھېچكىم قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلىگىنى يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولمىدى. دېمەك، مۆجىزە ئىنسانلارنىڭ تاللاش ئىختىيارىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

**23-سوئال: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىكى توپان ۋەقەسى راستمۇ؟ ئەگەر راست بولسا، پۈتكۈل دۇنيادا بولغانمۇ ياكى مەلۇم بىر يەردە بولغانمۇ؟**

جاۋاب: توپان بالاسى راست بولغان ۋە راستلىقى ئىسپاتلانغان بىر ۋەقە. چۈنكى بۇ ۋەقە پەقەت قۇرئان كەرىمدىلا ئەمەس بەلكى باشقا ساماۋىي كىتابلاردىمۇ ھەتتا دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىكى ئىنسانلار جەمئىيەتلىرىدىمۇ تىللاردا دەستان بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ ۋەقەنىڭ قەيەردە مەيدانغا كەلگەنلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئالدى بىلەن شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، بۇ ۋەقە بىر مۆجىزە. مۆجىزىلەردە ئادەتتىن تاشقىرى، ئەقىلگە

يىراق كۆرۈنگەن ۋەقەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى تەبىئىي ئىشتۇر. چۈنكى ئۇنى ئاللاھ ئۆزى قىلىدۇ، ئاللاھ ئۆزى يارىتىدۇ. تەبىئىيكى بۇ ۋەقەنىڭ پۈتكۈل دۇنيادا مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۆجىزە جەھەتتىن ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئەمەس.

بۇ ۋەقەنىڭ قەيەردە مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار. بەزىلەر پۈتكۈل دۇنيادا مەيدانغا كەلگەن، دەيدۇ. بۇ ئىشنىڭ پائىلى-ياراتقۇچىسى ئاللاھ بولغان ئىكەن، بۇ ئاللاھنىڭ بىر مۆجىزىسى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ پۈتكۈل دۇنيادا مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىندۇر. چۈنكى پۈتكۈل ئالەمنى يوقتىن بار قىلغان ئاللاھنىڭ پۈتكۈل دۇنيانى سۇغا غەرق قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن جانلىقلارنى تەكرار يارىتىشى ئەقىلگە يىراق ئەمەس.

يەنە بىر قاراشتا، بۇ ۋەقە پۈتكۈل دۇنيادا ئەمەس، نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋمى ياشىغان مەلۇم بىر يەردە مەيدانغا كەلگەن، دەيدۇ. تەپسىرلەردە بۇ قاراشمۇ بار. بۇ مەلۇم بىر يەردە بولغان بولسا، ئەقىلگە تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ.

يەنە بىر قاراشتا، توپان پۈتكۈل دۇنيادا مەيدانغا كەلگەن. لېكىن ئۇ چاغدىكى ئىنسانلار پۈتكۈل دۇنياغا يېيىلمىغانلىقى ئۈچۈن،

بۇ ۋەقەنى ھەم پۈتۈن دۇنيادا ھەم مەلۇم يەردە بولغان دېيىش مۇمكىندۇر. بۇ ئۈچ قاراشنىڭ ھەممىسى مۇمكىندۇر.

**24-سوئال: ئاللاھ باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە بۇزۇلۇشىغا يول قويغان ئىكەن، نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە يول قويمىدى؟**

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئەڭ ئاخىرقى كىتابتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. قىيامەتكىچە باشقا پەيغەمبەر كەلمەيدۇ ۋە كىتاب چۈشۈرۈلمەيدۇ. دېمەك، قۇرئان كەرىم قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە ۋە ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەر قىيامەتكىچە كېلىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھەر تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا يارايدۇ. قىيامەتكىچە كېلىدىغان ئىنسانلار بۇ كىتابقا ئەگىشىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ-بۇزۇلۇپ كېتىشتىن قوغدىلىشى لازىم. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئاخىر چۈشۈرگەن كىتابىنى قوغدىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە يول قويماسلىقى تەبىئىي ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئاخىرقى كىتابنى ئۆزىنىڭ

قوغدايدىغانلىقىنى ئېيتقان.[14]

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە يول قويۇلغانلىقىغا كەلسەك، بۇنىڭ نۇرغۇن ھېكمەت ۋە سەۋەبلىرى بار. بۇنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ: بۇ دۇنيا بىر سىناق ۋە تەلىم-تەربىيە مەيدانىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ياشاش شەكلى مىڭلارچە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ، خىلمۇخىل شەكىللەر مەيدانغا كېلىدۇ. ئىنسانلار ئالەمدە كىشىلەرنىڭ ياشاش تەرزىگە ۋە تۇرمۇش شارائىتىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان يېڭى قائىدە-يوسۇن ۋە ھۆكۈملەرنىڭ كېلىشى تەبىئىيدۇر. بۇ ھېكمەتكە ئاساسەن ئاللاھ تائالا بۇرۇنقى كىتابلارنى قوغداشقا كېپىللىك قىلمىغان، بەلكى ئۇنى ئىنسانلارغا تاپشۇرغان. شۇڭا بىر پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن دىن ئۆزگەرتىلىپ ھەقىقىتىنى يوقاتقاندا، يېڭى بىر پەيغەمبەر كەلگەن. بۇ پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن ھۆكۈملەرمۇ ئۆزگەرتىلىپ ئۆز ھەقىقىتىنى يوقاتقاندا يەنە بىر پەيغەمبەر كېلىش ئارقىلىق ئاللاھتىن كەلگەن بۇيرۇق ۋە ھۆكۈملەر يېڭىلىنىپ تۇرغان. دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممىتىگە ئۆزىنىڭ كالامىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى يۈكلەش ئارقىلىق ئىمتىھان قىلغان. ئۇلار بۇ ئىمتىھاندا مەغلۇپ بولۇپ، كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

14 «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز.» [سۈرە ھىجر، 9 – ئايەت].

ئەمما ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى كىتاب قۇرئان كەرىم چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇزۇلغاننى تۈزىتىدىغان يېڭى بىر كىتاب كەلمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بۇ ئاخىرقى كىتابنى ئۆزگەرتىشكە يول قويمىدى ۋە ئۇنى قىيامەتكىچە قوغدايدىغانلىقىغا كېپىل بولدى.

## 25-سوئال: نېمە ئۈچۈن ئايال پەيغەمبەر يوق؟

جاۋاب: بىز قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەرگە قارىغان ۋاقتىمىزدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەرلەردىن بولغانلىقىنى كۆرىمىز. قۇرئان ئەر كىشىلەرنىڭلا پەيغەمبەر قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.[15] بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟ دېگەن ۋاقتىمىزدا، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر يۈك بولغانلىقىنى كۆرىمىز. پەيغەمبەرلەر ئۇرۇشلاردا قوماندان بولىدۇ، دۈشمەنلەر تەرەپتىن قاتتىق ئەزىيەت ۋە قىيناشلارغا ئۇچرايدۇ. يەنى پەيغەمبەرلەر بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇشەققەتلەر ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىقلاردۇر. پەيغەمبەرلىك

15 «(ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت ئەرلەرنىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق...» [سۈرە نەھل: 43-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىپە بولغانلىقى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ئەرلەرگە بېرىلگەن. يەنە بىر جەھەتتىن پەيغەمبەر دېمەك، جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارغا رەھبەر بولۇش ۋە نامازدا ئىمام بولۇش، ھەر دائىم ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىش، دېگەنلىكتۇر. ئاياللار ناھايىتى نازۇك، ھېسسىياتچان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئېغىر يۈك ئۇلارغا يۈكلەنمىگەن. ئاياللارنىڭ ئايلىق كېسەللىك ھالىتىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئاياللار دائىم ئىنسانلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيالمايدۇ. ئاياللارنىڭ ھامىلىلىك زامانلىرىنى ئويلىغىنىمىزدا، ھامىلىلىكتىن ئىبارەت ئېغىر يۈك ئۇنىڭدا بار، ئۇ چاغدا بالىسى بىلەن مەشغۇل بولۇشى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى ئىمىتىش، ئۇنى بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم بولىدۇ. پەيغەمبەرلىك جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار بىلەن ھەر دائىم بىرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋىي ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشقا ئەڭ مۇناسىب بولغان ئەرلەرگە بېرىلگەن. دېمەك، بۇنداق ئېغىر بىر ۋەزىپىنىڭ ئەرلەرگە بېرىلىشى ئاياللارغا رەھمەت ۋە شەپقەتتۇر. يەنى ئاللاھ تائالا ئاياللارغا رەھىم-شەپقەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ جىددى ۋە ئېغىر يۈكنى ئۇلارغا يۈكلىمىگەن. پەيغەمبەرلىك

ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان ئىش-ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆزلەر بىلەن تولغان بىر ۋەزىيە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلمىغان.

**26-سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدە ئاينىڭ ئىككىگە يېرىلىشى، دېڭىزنىڭ يېرىلىپ قۇرۇقلۇق يول ئېچىلىشى، ئوتنىڭ كۆيدۈرمەسلىكى دېگەندەك ئەقىلگە سىغمايدىغان ھادىسىلەر بار. بۇلارنى قانداق قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: «مۆجىزە» دېگەن ۋاقىتىمىزدا، ئاللاھ تائالا بۇ ئالەمنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكەن بولۇپ، دۇنيانى ئاشۇ قانۇنىيەتلەر بىلەن ئىدارە قىلىدۇ. مەسىلەن: ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشى بىر قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەتنى بېكىتكەن ئاللاھ، ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى توختىتىپ قويغان. قانۇنىيەتلەرنى بىكىتكەن ئاللاھ بولغان ئىكەن، بۇ ئالەمنى قانۇنىيەتلەر بىلەن ئىدارە قىلغان ئىكەن، خالىغاندا، ئۇنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؛ توختىتالايدۇ؛ ئۇنىڭ سىرتىدا بىر ئىش قىلالايدۇ. چۈنكى قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكەن ئۆزىدۇر. مەسىلەن: ئاينىڭ ئاسماندا

مۇستەھكەم تۇرۇشى، پارچىلانماسلىقى بىر قانۇنىيەتتۇر. بۇ قانۇنىيەتنى قويغان ۋە ئۇنى ئىشقا سالغان كىم؟ ئاللاھ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئاينى ئىككىگە يېرىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ ئۇ ئاينى ئىككىگە يارالايدۇ، يارغاندىن كېيىن تەكرار بىرلەشتۈرەلەيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، يالغاندىن پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلمىغانلىقىنى ئىنسانلارغا مۆجىزە ئارقىلىق كۆرسەتكەن. بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرگەنلەرنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ راستلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلىكى ئىسپاتلانغان، بۇنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتقانلار ھەق يولغا كىرگەن، ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ بىلمەيتىمەن-ئۇقمايتىمەن، دەيدىغان باھانىسى قالمىغان ۋە ئازابقا ھەقلىق بولغان بولىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزە يارىتىشى ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتنى تونۇپ، كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئىمان كەلتۈرۈشىگە ياردەمچى بولۇش ئۈچۈندۇر.

# قۇرئان كەرىم ھەققىدە

**27-سوئال: قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس، ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلىمىز؟**

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى-ھەق كىتاب بولۇپ، ئىنسان سۆزى ئەمەستۇر. بۇنىڭغا يۈزلەرچە دەلىل كەلتۈرەلەيمىز. تۆۋەندە بىر نەچچە دەلىل كەلتۈرىمىز:

1- قۇرئان كەرىمنى ئىنساننىڭ سۆزى دېگەنلىك، ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى توقۇپ چىقىپ يازغان، دېگەنلىك بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان جەمئىيەت ئىلىم-مەدەنىيەتتىن يىراق، بۇتقا چوقۇنىدىغان، قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈدىغان، ئىنتايىن قالاق بىر جەمئىيەت ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، بىر كىشىدىن تەلىم ئالمىغان، خەت يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلمەيدىغان بىر زات ئىدى. ئۇ شائىر ئەمەستى، غەيبتىن سۆزلەيدىغان كاھىن، رەمبال ئەمەستى. ئۇ قىرق ياشقا كىرىپ پەيغەمبەر بولغىچىلىك قوي بېقىش ۋە تىجارەت بىلەن

شۇغۇللانغان ئاددىي بىر كىشى ئىدى. ئەخلاق، پەزىلەت، راسچىللىق، مەردلىك ۋە ئىشەنچلىك بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە خەلقىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بولۇپ، مەككە خەلقى ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ياخشى بىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى، ھەق كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىككى دەلىل چىقىدۇ: بىرى: ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاددىي بىر كىشىنىڭ قۇرئان كەرىمدەك زاماندىكى نىي نىي داڭلىق شائىرلارنى ھەيران قالدۇرغان ۋە قىيامەتكىچە كېلىدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتابنى ئۆزى توقۇپ، يېزىپ چىقىشى ياكى سۆزلىشى ئىمكانسىزدۇر. يەنە بىرى: كىچىكىدىن تارتىپ قىرىق ياشقا كىرگۈچىلىك بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلمىغان، بىر كىچىك بالىنىمۇ ئالدىمىغان، خەلقى ئىچىدە راستچىللىق ۋە ئىشەنچلىك سۈپىتى بىلەن تونۇلغان بىر زاتنىڭ ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان بىر كىتابنى «بۇ ئاللاھنىڭ كىتابى، ئاللاھ ماڭا ۋەھيى قىلدى» دەپ يالغان ئېيتىپ ئىنسانلارنى ئالدىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا ئىدى، قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن خاتالىقلار تېپىلغان بولاتتى. دېمەك، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

2- قۇرئان كەرىمدە يېقىنقى زامانغىچە

ھېچكىم بىلمەيدىغان، زامانىمىزدا ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئۇزۇن يىللار ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە كەشىپ قىلىنغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بار. بۇ ھەقىقەتلەرنى 14 ئەسىر بۇرۇن ياشىغان، ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان ئاددىي بىر كىشىنىڭ بىلىشى ۋە ئۇنى كىتابىدا تىلغا ئېلىشى ئىمكانسىزدۇر. قۇرئان كەرىم كائىناتتىكى مەۋجۇداتلار ۋە ئىنسانلار ھەققىدە ئەڭ توغرا مەلۇمات بېرىدۇ. ھالبۇكى ئۇ مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمى يېقىن زامانغىچە بىلىنمەيتتى ياكى خاتا بىلىنەتتى. دېمەك، قۇرئان كەرىم كائىناتنى ۋە ئىنساننى ياراتقان ۋە ئۇنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان ھەق كىتابتۇر.

3- قۇرئان كەرىم ھەم ئۆتمۈشكە مۇناسىۋەتلىك ھەم كېلەچەككە مۇناسىۋەتلىك ھېچكىم بىلمەيدىغان مەلۇماتلارنى بىزگە سۇنىدۇ. بۇنى «غەيبىي مۆجىزەلەر» دەيمىز. مەسىلەن: قۇرئان كەرىمدە ھەزرىتى مەريەمنىڭ بىر خورما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە تۇغقانلىق ۋەقەسى بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى يازغان دېسەك، بۇ ۋەقەنى بايان قىلالىشى ئۈچۈن مۇنۇلارنى بىلىشى لازىم: 1- تەۋراتنى بىلىشى لازىم. مەزمۇرلارنى بىلىشى لازىم. ھالبۇكى بۇ كىتابلار مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مىلادىنىڭ 850-يىلى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. 2-ئىنجىلنى بىلىشى لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمقى يۇنان تىلىنى بىلىشى لازىم. ھالبۇكى ئىنجىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن 150-200 يىل كېيىن يەنى 896- يىلى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. 3- خىرىستىيانلارنىڭ سۇريانىي تىلىدا «ئېغىزچە رىۋايەتلەر» دەيدىغان رىۋايەتلىرى بار، بۇلارنى بىلىشى لازىم. 4- قەدىمقى سىلاۋ تىلىدا «ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ ھاياتى» دەپ بىر كىتاب بار، بۇنى بىلىشى لازىم. 5- قىپتى تىلىدا «توماسنىڭ بالىلىق ئىنجىلى» دەپ بىر كىتاب بار، بۇنى بىلىشى لازىم. 6- يەنە مەتتىنا دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىنجىل بار، ئۇنى بىلىشى لازىم. 7-قىپتى تىلىدا «پېترۇسنىڭ قىيامەت كىتابى» ئىسىملىك بىر كىتاب بار، ئۇنى بىلىشى لازىم. 8- سىلاۋ تىلىدا «ئېنوكنىڭ كىتابى» نى بىلىشى لازىم. 9- قەدىمقى ئىبرانى تىلىدا «مىدراش رەھھاب» دەپ بىر كىتاب بار، ئۇنى بىلىشى لازىم. چۈنكى ھەزرىتى مەريەمنىڭ ۋەقەلىكى مۇشۇ كىتابلاردا بار. يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى بىر قىسمىنى قەدىمقى كىتابلاردىن ئېلىپ يېزىشى ئۈچۈن 10 دىن ئارتۇق تىل بىلىشى لازىم. يۇقىرىدىكى تىللار ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ

ئاشۇ ۋەقەلەرنى يازالىشى مۇمكىنمۇ؟! يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان قىسسىلەر بۇرۇنقى كىتابلاردىكى قىسسىلەرگە قىسمەن ئوخشىسىمۇ، پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىلەر بىلەن بۇرۇنقى كىتابلاردىكى قىسسىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان غەربلىك ئالىملار: بۇرۇنقى كىتابلاردىكى قىسسىلەردە نۇرغۇن خاتالىقلار بار. قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىلەردە ئۇنداق خاتالىقلار يوق، دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ كىتابلارنى بىلمەيدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇ كىتابلاردىكى خاتالىقلارنى تېپىپ چىقىپ، توغرىسىنى قۇرئانغا يازىدۇ؟! دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بىر قىسسىنى ئۆزى يېزىشى ئىمكانسىز بولغان يەردە باشقا مەلۇماتلارنى يېزىشى ياكى باشقا بىر يەردىن ئېلىشى مىڭ ھەسسە ئىمكانسىزدۇر. مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنىڭ قەتئىي دەلىلىدۇر.

4- قۇرئان بالاغەتتە يەنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى بىلەن بارلىق ئىنسانلارنى ۋە پۈتۈن ئەدىبلەرنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان. مەككە خەلقى ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە تىلغا ئەڭ ماھىر، بالاغەت-پاساھەتتە تەڭداشسىز كىشىلەر ئىدى. باشقا ئەرەب شائىرلىرى ۋە ئەدىبلەر يىلدا بىر قېتىم مەككىنىڭ ئوكاز دېگەن يېرىدە يىغىلىپ،

يازغان ۋە ئېيتقان شېئىر ۋە نەسىرلىرىنى مەككىلىك شائىرلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇياتتى، ئۇلار باھالايتتى. ئەنە شۇنداق تالانتلىق شائىرلار ۋە ئەدىبلەر قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغىتى ئالدىدا گاچىلىشىپ قالغان، ئۇنىڭدا ھېچبىر كەمچىلىك، تەنقىدلىنىشكە تېگىشلىك بىر نەرسە تاپالمىغان. ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ پۈتۈن شائىرلارنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىغان 600 بەتلىك بىر كىتاپ يازالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەلبەتتە مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، قۇرئان ئىنسان سۆزى ئەمەس.

5- ئاللاھ تائالا مەككە خەلقىگە: ئەگەر قۇرئاننى مۇھەممەد توقۇپ چىقتى، دەيدىغان بولساڭلار، سىلەر بىرلىشىپ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار! دەپ دۇئىل ئېلان قىلدى. قۇرئانغا قارشى شۇنچە تالانتلىق شائىلار، ماھىر تەنقىدچىلەر قۇرئانغا تەڭ كېلىدىغان بىر كىتاب كەلتۈرەلمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنداقتا پەقەت قۇرئاننىڭ ئون سۈرىسىگە تەڭ كېلىدىغان بىر نەرسە كەلتۈرۈڭلار، دېدى. ئۇلار يەنە كەلتۈرەلمىدى. ئاندىن قۇرئاندىكى ئەڭ قىسقا بىر سۈرىگە تەڭ كېلىدىغان بىر سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، دېدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلىگەن ھېچكىم يوق. دۇنيادىكى پۈتۈن تالانتلىق، ئۇستا شائىرلار، ئەدىبلەر بىرلىشىپ بىر سۈرىسىنىڭ

ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمىگەن بىر كىتابنى، نە شائىر، نە ئەدىب بولمىغان، ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ ئۆز يېنىدىن ئويدۇرۇپ چىقىشى ئىمكانسىزدۇر. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزى بولمىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

6- قۇرئان كەرىم 600 بەتلىك بىر كىتاب بولۇپ تۇرۇغلۇق، ئۇنىڭ مىليونلارچە كىشى تەرىپىدىن ۋە ئەرەبچىدىن ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن، ھەتتا كىچىك باللار تەرىپىدىن يادقا ئېلىنىپ ئوقۇلۇشى، ئۇنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى دۇنيادا تىلىنى بىلمىگەن بىر كىشى تەرىپىدىن باشتىن ئاخىر بىر ھەرىپىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي، خاتالاشماي يادلاپ ئوقۇلىدىغان ئىككىنچى بىر كىتاب يوقتۇر. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى بولغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنى يادلاشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

7- قۇرئان كەرىم بىر كىتاب ھالىدە ئەمەس، 23 يىل ئىچىدە ئېھتىياج ۋە ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئاز-ئازدىن نازىل بولغان تۇرۇغلۇق، ئايەتلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىقنىڭ يوقلىقى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ھەق كىتاب بولغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

8- قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى ئىنسانلارنىڭ مۇشكۇللىرىگە قارىتا ئەڭ توغرا مەلۇمات ۋە ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش ئۇسلۇبى سۇنۇشى ئۇنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى بۇنداق بىر كىتابنى يېزىش ئۈچۈن يەر شارىنىڭ پۈتكۈل رايونلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە قىيامەتكىچىلىك يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنى بىلىدىغان بىر زاتنىڭ سۆزى بولۇشى لازىم. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئۇنى بىلەلمەيدۇ. دېمەك، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

9- قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىل، قەلب ۋە روھلارنى ھەر جەھەتتىن ئەڭ قايىل قىلارلىق شەكىلدە مەلۇمات بېرىشى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئەرەب بولسۇن بولمىسۇن كۆڭلىگە تەسىر قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ قىرائىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئېلىشى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى، ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى دۇنيادا ھېچقانداق بىر كىشى تىلىنى بىلمەيدىغان بىر كىتابنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ يىغلىمايدۇ.

10- قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى ۋە تەنقىد قىلىنىشى، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى دۇنيادا

ھېچقانداق بىر كىشى ئۆزى يازغان كىتابتا ئۆزىنى ئۇنداق ئېغىر سۆزلەر بىلەن تەنقىد قىلمايدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە كاتتىۋاشلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، بىر ئەما كىشى كېلىپ، ماڭا قۇرئان ئۆگىتىپ قويسىلا، دەپ بىئارام قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قارىماي، دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرغان. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەنقىدلەپ مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلغان: «ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن تەرىنى تۈردى ۋە تەتۈر قارىدى. (ئى پەيغەمبەر!) سەن نېمە بىلىسەن؟ بەلكى ئۇ (سېنىڭ سۆزلىرىڭ سايىسىدا گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىپ قېلىشى ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن (ئۇنى ئىمان ئېيتىپ قالارمىكىن دەپ) ئۇنىڭغا يۈزلىنىۋاتىسەن. ئۇ (كۇفرىدىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟ ئاللاھتىن قورقۇپ سېنىڭ يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىمايۋاتىسەن.»[16] بۇنىڭدىن باشقىمۇ قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاگاھلاندۇرغان ئايەتلەر كۆپتۇر. ئەگەر بۇ قۇرئان

16 سۈرە ئەبەسە: 1-، 10- ئايەتلەر.

ئۆزىنىڭ سۆزى بولسا ئىدى، ئۆزى ئۆزىنى مۇنداق تەنقىدلىمىگەن بولاتتى. دېمەك قۇرئان كەرىم ئىنسان سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ سۆزى ھەق كىتابتۇر.

11- ئاللاھ تائالا ئەگەر پەيغەمبەر ئاللاھقا يالغاننى توقۇپ ئۆزى ئويدۇرغان بىر سۆزنى ئاللاھنىڭ سۆزى، دەيدىغان بولسا، ئۇنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر (ئۇنىڭغا) ئانچە ئىشەنمەيسىلەر. كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ئۇنىڭدىن بەك ئاز نەسىھەت ئالىسىلەر. (ئۇ) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئەگەر ئۇ (مۇھەممەد) بىزنىڭ نامىمىزدىن ئازغىنا سۆزنى يالغاندىن توقۇغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى شىددەت بىلەن جازالايتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچكىم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى.»[17] مانا بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن بىر ئايەتنىمۇ توقۇپ چىقمىغانلىقىنى ئوچۇق ئىسپاتلايدۇ.

17 سۈرە ھاققە: 41-،47- ئايەتلەر.

**28-سوئال: بىز بىلىم ئەسرى بولغان 21- ئەسىردە ياشاۋاتىمىز. بىزگە قۇرئانىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىلمىي پاكىتلار بارمۇ؟**

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىچىدە ئىلمى مەلۇماتلار بولسۇن ياكى بولمىسۇن ھەقىقەت ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى ئەقلى بار بىر كىشى ئۈچۈن يۇقىرىدا سۇنۇلغان ئونبىر تۈرلۈك دەلىل قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلاردۇر. يەنى بىر كىشى بۇ دەلىللەرنىڭ بىرىنىمۇ رەت قىلالمىسا – ھېچبىر زامان رەت قىلالمايدۇ – قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمدە ئىلمىي پاكىت يوق، دېگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا يۈزلەرچە ئىلمىي پاكىتلار بار. قۇرئان كەرىم ئاسترونومىيە ھەققىدە سۆزلەيدۇ؛ ئاناتومىيە ھەققىدە سۆزلەيدۇ؛ بىيلوگىيە ھەققىدە سۆزلەيدۇ؛ تۆرەلمە توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. يېڭى كەشپىياتلار ھەققىدە قۇرئاندا كۆپلىگەن دەلىل ۋە ئىشارەتلەر بار. مەسىلەن: «ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز (ئۇنى) ئەلۋەتتە داۋاملىق كېڭەيتكۈچىمىز»[18] دەيدۇ. ئاسماننىڭ كېڭىيىپ تۇرىدىغانلىقى بۈرۈندىن بىلىنىدىغان بىر مەلۇمات ئەمەس. چۈنكى

---

18 سۈرە زارىيات: 47- ئايەت.

بۈگۈن پۈتكۈل بىلىم ئادەملىرى كائىناتنى سابىت دەپ ئويلايتتى. ھەتتا 1929- يىلىغىچە نيوتۇن دەۋرىدىمۇ ئاسمانلارنىڭ كېڭىيىپ تۇرىدىغانلىقى بىلىنمەيتتى. كېيىن ھابۇل (Hubble) تېلىسكوپى ئىجاد قىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن 1929- يىلىدا ئالەمنىڭ داۋاملىق كېڭىيىدىغانلىقى كەشپ قىلىندى. دېمەك، 14 ئەسىر بۇرۇنقى بىر ئىنساننىڭ بۇنى بىلىشى ئىمكانسىزدۇر. بۇ مەلۇماتنىڭ قۇرئان كەرىمدە بولۇشى، ئۇنىڭ كائىناتنى پۈتۈنلەي بىلىدىغان ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ تۇرىدىغان بىر زاتنىڭ يەنى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ سۆزى بولغانلىقىنىڭ ئىلمىي پاكىتىدۇر. يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ سۆزى ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يۈزلەرچە ئىلمىي پاكىتلار بار.

**29-سوئال: كەلگۈسىدە بىلىم تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقىغا ئوخشىمايدىغان بىر نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: بىلىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسە، شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق بىر ئالىم بىلىمنى ئۆزگەرمەيدىغان كەسكىن ھەقىقەت دېمەيدۇ.

چۈنكى بىلىم داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن قۇرئان كەرىم ئۆزگەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بىلىمى ھەر زامان ھەقىقەت ۋە توغرىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەرنىڭ كەلىمىلىرى ناھايىتى كەڭ ۋە كۆپ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىلىم كەلگۈسىدە تەرەققىي قىلىپ مەلۇماتلار ئۆزگەرسە يەنە ئايەتلەر ئۇ مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى قۇرئان كەرىم ھېچبىر زامان ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە زىت كەلمەيدۇ.

## 30-سوئال: قۇرئاندا ئىلمىي خاتالىقلار بار، دېگۈچىلەرگە نېمە دەيمىز؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدە ئىلمىي خاتالىقنىڭ بولۇشى ئىمكانسىزدۇر. چۈنكى كائىناتنى ياراتقۇچى ئاللاھتۇر. كائىناتتىكى شەيئىلەرنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى ئاللاھتۇر. ئاللاھ تائالا: «ياراتقان زات (ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتىنى) بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر»[19] دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كائىنات ھەققىدە خاتا سۆز قىلىشى ئىمكانسىزدۇر. پەرەز قىلايلىكى، قۇرئان كەرىم بىلەن بىلىم زىتلىشىپ قالدى.

---

19 سۈرە مۇلك: -14 ئايەت.

بۇ ئەھۋالدا بىلىمنىڭ كۈنسايىن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، تېخى ۋايىغا يېتىپ قەتئىي نەتىجىگە ئېرىشمىگەنلىكىنى، تەتقىقاتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا بارمىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان ۋەھيىدۇر، قەتئىيدۇر، ئۆزگەرمەيدۇ. بىز بۇنى يۈزلەرچە دەلىل-پاكىت بىلەن بىلىمىز. بۇنىڭغا بىر مىسال بېرەيلى: تەخمىنەن ئىككى يۈز يىل ئاۋۋالغىچە بىلىم بۇ دۇنيانى سابىت ۋە باشلانغۇچى يوق، دەيتتى. بۇنى پۈتۈن ئىلىم-پەن دۇنياسى قوبۇل قىلغان تۇرۇغلۇق، قۇرئان كەرىم دۇنيانىڭ باشلانغۇچى بارلىقىنى ئېيتاتتى. بىلىم بىلەن قۇرئان بۇنىڭدا زىتلىشىپ قالغان بولدى. كېيىن بىلىم تەرەققىي قىلىپ يېڭى كەشپىياتلارنى قولغا كەلتۈردى ۋە دۇنيانىڭ بۈيۈك پارتلاش (Big Bang) بىلەن باشلانغانلىقىنى قوبۇل قىلدى. يەنى ئىلىم-پەن يۈز يىللارچە تەتقىق قىلغاندىن كېيىن قۇرئاننىڭ دېگىنىگە كەلدى. بۇندىن كېيىنمۇ ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدۇ.

**31-سوئال: قۇرئان كەرىمدە پۈتكۈل ئىلمىي ھەقىقەتلەر بولسا، ئۇنداقتا بارلىق ئىلىم ئادەملىرى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ، ئىلىمنى ئۇنىڭدىن ئالسا بولمامدۇ؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسىنى ۋە خۇسۇسىيىتىنى بىلىش لازىم. قۇرئان كەرىم ماددىدىن بەكرەك مەنىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. يەنى قۇياشنىڭ چوڭلۇقى، دۇنياغا قانچىلىك يىراقلىقى ۋە ئىسسىقلىق دەرىجىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ مەنىسى، ۋەزىپىسى ۋە يارىتىلىش غايىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. يەنى قۇرئان كەرىم ماتېماتىكا، پەن، فىزىكا كىتابى ئەمەس، بەلكى ئىنسانغا قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ۋە قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىر ھىدايەت كىتابىدۇر. شۇڭا ئۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇداتلارنى يارىتىشتىكى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ماددىنىڭ ئارقىسىدىكى مەنالارنى سۇنىدۇ؛ ماددىي ئالەمگە ۋە ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە ئىشارەت قىلىدۇ. يەنى قۇرئان كەرىم بىزگە كائىناتتىكى مەۋجۇداتلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە مەنالىرىنى سۇنغاندا، ماددىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋە ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئىنسانلارنى بۇ سىرلارنى كەشپ قىلىپ ھەقىقەتنى تېپىشى ئۈچۈن

ئىزدىنىشكە، تەپەككۇر قىلىشقا، ئەقلىنى ئىشلىتىشكە چاقىرىدۇ.

**32-سوئال: ئەرەبچە ناھايىتى قىيىن بىر تىل، ئۆگىنىش بەك تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنىلا ئوقۇسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن سەمىمىي گەپ قىلساق، ئەرەبچە ئۇنچىۋالا قىيىن، ئۆگىنىش بەك تەس تىل ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئىنگلىزچە، فرانسىزچە ئۆگىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلەپ يىللارچە كۇرسلارغا بېرىپ دەرس ئالىدۇ. ئىنگلىزچە ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇنچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىكەن، ئۆزى ئىشەنگەن ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۆگىنىش نېمىشقا قىيىن بولسۇن! ئەرەبچىدە 28 ھەرپ بار. پەقەت ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى ۋە بىر-بىرىگە باغلىنىشىنى ئۆگىنىش بىلەن قۇرئاننى ئوقۇشنى ناھايىتى ئاسان ئۆگەنگىلى بولىدۇ. ئوقۇيالمايمەن، ئۆگىنەلمەيمەن دېگۈدەك قىيىن بىر ئىش يوق.

قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، قۇرئان ئىنسان سۆزى ئەمەس، ئاللاھنىڭ كالامى بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادا ھېچقانداق بىر تىلغا پۈتكۈل

ئالاھىدىلىكى بىلەن تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ. قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى قۇرئاننىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسى بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇيمىز.

قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇغانلار مۇمكىن قەدەر تەپسىرنى بىللە ئوقۇشى لازىم. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ۋەقەنى ياخشى بىلمىگەن كىشى تەرجىمىدىن ئايەتتە مەقسەد قىلىنمىغان مەنالارنى چۈشىنىش ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر.

## 33-سوئال: تەرجىمە بىلەن تەپسىرنىڭ قانداق پەرقى بار؟

جاۋاب: تەرجىمە - كەلىمىلەرنىڭ سۆزلۈك مەنىسىنى ئۆيغۇرچە ئىپادىلەشتۇر. تەپسىر – قۇرئان كەرىمدە كەلگەن سۆزلەرنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى، ئىبارىلەرنىڭ ئۇسلۇپلىرىنى، ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرىنى، ئايەتلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ۋە

ساھابىلارنىڭ ئۇنى قانداق چۈشەنگەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئايەتلەرنى كەڭ دائىرىلىك چۈشەندۈرۈشتۇر.

## 34-سوئال: قۇرئان نېمە ئۈچۈن ئەرەبچە چۈشتى؟

جاۋاب: بۇ ئاقىلانە بىر سوئال ئەمەس. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە چۈشكەنلىكىنى پەرەز قىلايلى، ئۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرچە چۈشتى؟ دەپ سورۇلاتتى. يەنى قۇرئان كەرىم قايسى تىلدا چۈشسە، بۇ سوئال كېلەتتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرگەندە چوقۇم بىر تىلدا چۈشۈرۈشى لازىم ئىدى. ئەرەبچە چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە ئۈچۈن ئەرەبچە چۈشتى؟ دەپ سوراش توغرا بىر سوئال ئەمەس. ئەمما قۇرئان كەرىمنى ئەرەبچە چۈشۈرۈشنىڭ سەۋەب ۋە ھېكمىتى نېمە؟ دەپ سورىساق، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر نەچچە ھېكمەتنى بايان قىلىش مۇمكىن بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئەرەبچە چۈشۈرۈلدى. بۇ تەبىئىي ئەھۋال ۋە بىرىنچى سەۋەب.

ئىككىنچى سەۋەب: ئەرەب تىلى بىلەن باشقا

تىللارنى سىلىشتۇرغىنىمىزدا ئەرەبچىنىڭ ناھايىتى كەڭ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تىل بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بىر دانە سۆز بىلەن بىر نەچچە مەنە ئىپادىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمگە يۈزلەرچە تەپسىر يېزىلىشى قۇرئان كەرىمنىڭ قانچىلىك كۆپ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنچىلىك كۆپ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتاب، بىر سۆز بىلەن بىر نەچچە مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بىر تىلدا چۈشۈشى كېرەكلىكى ھەممىگە ئايان بولدى.

ئۈچۈنچى سەۋەب: دۇنيادىكى تىللاردا ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ، نۇرغۇن سۆزلەر ئىشلىتىلمەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەھۋاللار مەۋجۇد. بۇنىڭ سەۋەبى يېڭى ئىجادىيەتلەرنى ئىپادىلەشتە ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن، باشقا سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەمما ئەرەب تىلى ھازىرغىچە ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىن كېيىن قىيامەتكىچە يېڭى كىتاب چۈشۈرمەيدىغان بولغاچقا، دۇنيا ئاخىرلاشقۇچە ئۆزگەرمەي تۇرالايدىغان، ھەر زاماندىكى يېڭىلىقلارنى ئىپادىلەشتە باشقا تىللارنى ئىشلىتىشكە مۇھتاج بولمايدىغان بىر تىلدا چۈشۈرگەن.

تۆتىنچى سەۋەب: دۇنيادا ئەرەبچىدىن باشقا

ھېچقانداق تىلدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئىخچام سۆز بىلەن ئۆز ماقامىغا لايىق ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئاخىرقى كىتابىنى ئۆزىنى ئىخچام سۆزلەر بىلەن بەندىلىرىگە تونۇتالايدىغان تىلدا چۈشۈرگەن. قۇرئان كەرىمنى ئەرەبچە چۈشۈرۈشتە بۇنىڭدىن باشقىمۇ كۆپلىگەن سەۋەب ۋە ھېكمەتلىرى بار، ئەلبەتتە.

## 35-سوئال: نېمە ئۈچۈن مەن ئۆز تىلىمدا ناماز ئوقۇيالمايمەن؟

جاۋاب: دۇئالارنى ئۆز تىلىمىزدا قىلساق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا پۈتكۈل تىللارنى بىلىدۇ. بۇنىڭدا بىر مۇشكۈل يوق. ناماز ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىبادىتى ۋە جامائەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان بىر ئىبادەت. نامازدا ئايەت ئوقۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى[20]. بۇ ئىبادەتتە ئوقۇلىدىغان ئايەتلەر ئاللاھتىن كەلگەن ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى ئەمەس ئۆزى بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟ دېگەن ۋاقتىمىزدا بىر نەچچە ھېكمەتنى كۆرەلەيمىز. ناماز جامائەت بىلەن كۈندە بەش قېتىم ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن جامائەتنى بىرلەشتۈرىدىغان، ئۈممەتنىڭ

20 «قۇرئاندىن سىلەرگە ئوڭاي بولغان مىقدارنى ئوقۇڭلار..» [سۈرە مۇززەممىل: 20- ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

بىرلىكىنى ۋە بەرابەرلىكىنى بەرپا قىلىدىغان رولغا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىبادەت بىر تىلدا ئادا قىلىنىشى لازىم. ئويلاپ بېقىڭ! ھەركىشى پەرقلىق-پەرقلىق تىللاردا ناماز ئوقۇشقا باشلىسا، بىرلىك بولامدۇ؟ بىر مەسجىدكە كەلگەن جامائەت ھەممىسى ئۆز تىلىدا ناماز ئوقۇيدىغان بولسا، قانداق قالايمىقانچىلىق يۈز بېرە!؟ مەسجىدى ھەرەمگە ھەر مىللەتتىن ئادەم كېلىدۇ، ھەممىسى ئۆز تىلىدا ناماز ئوقۇسا، قانداق بىرلىك بولىدۇ؟

قۇرئان ئايەتلىرى ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ئۆگۈت بولۇش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالانى سۆپەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا قانداق ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى ئۆگىتىدۇ. ناماز بولسا ئاللاھ تائالانى ھۆرمەتلەپ ئالدىدا ئېگىلىدىغان ۋە بېشىنى يەرگە قويۇپ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىبادەتتۇر. ئاللاھنى ھېچكىم ئاللاھ ئۆزىنى سۈپەتلىگەندەك سۈپەتلىيەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازدا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى سۈپەتلىگەن سۆزلىرىنى ئوقۇش ئاللاھنى ئۆزىگە لايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن ۋە ئۇنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ھۆرمەتلىگەن بولىدۇ.

يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى يادلاپ نامازلاردا ئوقۇشى ئارقىلىق ئۇ ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ۋە ئۇنتۇلۇپ كېتىشتىن

قوغدىلىدۇ. ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆز تىلىدىكى تەرجىمىسى بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان بولسا، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلى ئوقۇلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆزگەرتىپ كېتىش ۋە ئۇنتۇلۇپ كېتىشتىن قوغداپ قالغىلى بولمايدۇ. نامازدا قۇرئاننىڭ ئۆزىنى ئوقۇشنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ ھېكمەتلىرى كۆپتۇر.

**36-سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي ئوقۇغاندىن، ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىن چۈشىنىپ ئوقۇش تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟**

جاۋاب: قۇرئان كەرىم باشقا كىتابقا ئوخشىمايدۇ. قۇرئان كەرىم ئىنسان سۆزى ئەمەس، بىۋاسىتە ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئۇنى ئوقۇش ئىبادەتتۇر. ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە ھەربىر ھەرپىگە ئون ساۋاب بېرىلىدۇ. قۇرئان كەرىم تەسىر كۈچى يۇقىرى بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەن بىر كىشى ئۇنى ئوقۇسا ۋە ئاڭلىسا، ئۇنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا ئەرەب ئەمەس كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى ئاڭلىغاندا ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى ئۇنىڭ زاھىرىي جەھەتتە قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلمىسىمۇ،

مەنىۋي جەھەتتىن قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم قۇرئاننىڭ ئەرەبچە ئەسلىنى ئوقۇشىمىز، ھەم ئۇنىڭ ئۆز تىلىمىزدىكى تەرجىمە ۋە تەپسىرىنى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلىشىمىز لازىم. يەنى ئىبادەت ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسلىنى ئوقۇشىمىز، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلىپ ئەمەل قىلىشىمىز ئۈچۈن مەنىسىنى بىلىشىمىز كېرەك.

بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويىدىغان مەسىلە، «قۇرئاننى چۈشەنمەي ئوقۇغاندىن مەنىسىنى بىلىپ ئوقۇغان ياخشى» دېگەن سۆز، قارىماققا توغرا بولسىمۇ، كىشىلەرنى قۇرئان ئوقۇشتىن سوغىتىدىغان، قۇرئاندىن يىراقلىشىشقا سەۋەب بولىدىغان سۆزدۇر. يۇقىرىدا تەرجىمە قۇرئاننىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، دېدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم قۇرئاننىڭ ئەسلىنى ھەم تەرجىمىسىنى، بولسا تەپسىرىنى ئوقۇش مۇھىم.

## 37-سوئال: قۇرئاننىڭ بالاغەت مۆجىزىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بالاغەتنى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنىڭ ئۈستۈنلىكى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنى قۇرئان كەرىمدە بەزىدە بىر كەلىمە،

بەزىدە بىر ھەرپ بىلەن نۇرغۇنلىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئىپادىلەش سەۋىيىسى شۇنچىلىك يۇقىرىكى، ئۇنى بىر ئىنساننىڭ يازالىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا قۇرئان كەرىم نازىل بولغان ۋاقىتتا ئىنسانلارغا: «بۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار! ھەممىنى كەلتۈرەلمىسەڭلار، ئون سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار! ئۇنىمۇ كەلتۈرەلمىسەڭلار بىر سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار!» دەپ دۇئەل ئېلان قىلىندى. ئۇ زاماندىكى ئەرەبلەر بولۇپمۇ مەككە خەلقى بالاغەت ۋە پاساھەتتە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە بولۇپ تۇرۇغلۇق، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمىدى ۋە ئۇرۇش قىلىش يولىنى تاللىدى. ھەم ئۆزلىرىنىڭ ھەم ئائىلىسىنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلۈش ئېھتىمالىنى كۆزگە ئېلىپ ئۇرۇشقا كىردى. ئەگەر قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈش مۇمكىن بولسا ئىدى، جېنىنى پىدا قىلىپ ئۇرۇش قىلغاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرسە بولاتتى. ئۇنداق قىلمىدى، چۈنكى قۇرئانغا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈش بىلەن تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەك، قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغىتى ئىنسان ئەقلىدىن ئۈستۈندۇر.

**38-سوئال: قۇرئاندا نېمە ئۈچۈن ھەر دائىم تۆگە ۋە خورما تىلغا ئېلىنىدۇ؟ پەنگۇۋەنلەر ۋە ئاۋۇكادو دېگەندەك مېۋەلەر تىلغا ئېلىنمايدۇ؟ ئەجەبا قۇرئان پەقەت ئەرەپ يېرىم ئارىلىغا مەخسۇس چۈشكەنمۇ؟**

جاۋاب: قۇرئان كەرىم يەرشارىدىكى بارلىق ئىنسانلارغا ۋە جەمئىيەتلەرگە چۈشۈرۈلگەن، قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە، ئالەمشۇمۇل بىر كىتابتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كىتابنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھىتىدىكى ئىنسانلارنى قۇرئانغا چاقىردى، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقا ئىنسانلارغا يەتكۈزدى. ئەگەر سوئالدا دېيىلگەندەك، قۇرئاندا پەنگۇۋەنلەر ۋە ئاۋۇكادولار تىلغا ئېلىنسا، قۇرئان تۇنجى چۈشكەن ئىنسانلارنى قايىل قىلالامتى؟ ئويلاپ بېقىڭ، قۇرئاندا پەنگۇۋەن تىلغا ئېلىنسا، ئۇنى تۇنجى ئاڭلىغان جەمئىيەتتە ھېچكىم ئۇنداق بىر ھايۋاننى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، ئىنسانلار ئۇنىڭغا دىققەت قىلمايدۇ. قۇرئان بىرىنچى دەرىجىدە مۇخاتىبى بولغان جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتالمىسا، قالغان جەمئىيەتلەرنى قانداق ئۆزىگە تارتىپ ئالەمشۇمۇل ھالغا كېلىدۇ؟ دېمەك، بۇ يەردە ئاساسلىق مەسىلە، ئالەمشۇمۇللۇققا ئېرىشىش

ئۇچۇن خۇددى سۇغا تاش ئاتسا، كىچىك دائىرىدىن بۈيۈك دائىرىگە كېڭەيگەندەك، بۇ يەردىمۇ دەسلەپ مەركەزدىكى جەمئىيەتنى قايىل قىلىشى ۋە ئۇنى ئۆزىگە تارتىشى لازىم بولىدۇ. داۋامىدا قالغان جەمئىيەتلەرگە كېڭىيىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇغان ھەربىر كىشى چۈشىنەلەيدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان بولۇشى لازىم.

قۇرئان كەرىم بارلىق مېۋەلەرنى ۋە پۈتكۈل ھايۋانلارنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىدىغان ھايۋاناتلار كىتابى ۋەيا ئۆسۈملۈكلەر كىتابى ئەمەس. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامى، ئۇنى چۈشۈرۈشتىن مەقسەد ئىنسانلارغا ياراتقۇچىسىنى تونۇتۇش، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈپ ئەمر-پەرمانىغا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرىش، ئىمان ئېيتقانلارغا قىلىشقا ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان جانلىق-جانسىز بارلىق نەرسىلەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

قۇرئان كەرىم تۆگىنى تىلغا ئالىدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن تۆگىنى تىلغا ئالغانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق پۈتكۈل ھايۋانلارغا ئۇ ھېكمەتنى تەتبىقلايمىز. مەسىلەن: قۇرئان كەرىمدە «ئۇلار تۆگىگە

قارىمامدۇ، ئۇ قانداق يارىتىلدى؟»[21] دەيدۇ. بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىپ ئىنسانلارنىڭ پىكرىنى ئاچقاندىن كېيىن، بارلىق ھايۋاناتلارغا ئۇ پىكىرنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن. يەنى قۇرئان كەرىمدە بەزى ھايۋانلارنىڭ ۋە بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈندۇر. يەنى سەنئەتكارنى تونۇتۇش ئۈچۈن سەنئەتنى تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن بىز سەنئەتكارنى تاپىمىز. ئۇ چاغدا بىزدە ماددىدىن بەكرەك، مەنىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان قىممەتقاراش تەرەققى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھايۋان بولسۇن، ئۆسۈملۈك بولسۇن، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن ئاللاھ تائالانى تاپالايمىز.

## 39-سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا كىتابلارغا ئوخشاش ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىنى قەيەردىن بىلىمىز؟

جاۋاب: دۇنيادا قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان ھېچقانداق كىشى يوق. دۇنيادا ئىسلامغا قارشى، قۇرئانغا قارشى شۇنچىلىك كۆپ دۈشمەن بار تۇرۇغلۇق، بىر ئاتېئىست

21 سۈرە غاشىيە: 17- ئايەت.

بولسىمۇ چىقىپ، قۇرئان ئۆزگەرتىلگەنمۇ، ئۆزگەرتىلمىگەنمۇ؟ دەپ سورىمايدۇ. ياكى قۇرئان كەرىم ئۆزگەرتىلگەن، دېمەيدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگەرتىلمىگەنلىكى ھەممە بىلىدىغان ئېنىق بىر ھەقىقەت. بۇنى قەيەردىن بىلىمىز؟ بۇنى بىر نەچچە ئۇسۇل بىلەن بىلىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ئىستانبۇلدىكى بىر كىتابخانىدىن بىر قۇرئان كەرىم ئالساق، ئەنگىلىيەدىكى بىر كىتابخانىدىن يەنە بىر قۇرئان كەرىم ئېلىپ ئىككىسىنى سېلىشتۇرساق، ھەر ئىككىسى ھەرپمۇ-ھەرپ ئوخشاش چىقىدۇ. ھېچبىر ئۆزگىرىش ۋە ئوخشىماسلىق تاپالمايمىز. بۇنىڭدىن قۇرئان كەرىمنىڭ قوغدالغانلىقىنى، ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىنى بىلىمىز. چۈنكى ئەڭ كىچىك بىر ئۆزگىرىش بولسا، نەچچە مىڭ خىل قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

يەنە بىرى ئىسلامدا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاش «قارىلىق» سىستېمى بار. كۈنىمىزدە مىليونلارچە قارى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا تېخىمۇ يېقىنلاشقىنىمىزدا، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە باغلىنىشىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغانلىقى ئۈچۈن، قارىلىق سىستېمىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك بولغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنى قۇرئان كەرىم نازىل بولغان چاغدىن تارتىپ

ھازىرغىچە يادقا ئېلىنىپ، ئوقۇلۇپ كەلگەن قارىلىق سىستېمىسىگە قارىغان چېغىمىزدىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشتىن قوغدالغانلىقىنى ئېنىق بىر شەكىلدە كۆرەلەيمىز.

يەنە رامىزاندا قۇرئان كەرىمنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ خەتمە قىلىش ئادىتى بار. بۇ ئادەتمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر يىلى باشتىن ئاخىر ئوقۇش ئارقىلىق قوغدىلىپ كەلگەنلىكىنى بىزگە كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىرىمىڭخام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تور بېتىدە قۇرئان كەرىم سەھىپىلىرى ئېلان قىلىنغان. يەنى قەدىمدىن قالغان بىر قۇرئان كەرىم تېپىلغان، ئۇنىڭغا «كاربون 14» سىنىقى قىلىنغاندا، قۇرئان كەرىمنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى بىلەن ئوپئوخشاش بولغانلىقى مەلۇم بولغان. يەنى پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئورتاق چۈشەنچىسىدىن گەپ قىلىۋاتىمىز. ئوتتۇردا قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق بىر تالاش-تارتىش يوقتۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھېچقانداق كىتابتا تېپىلمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى «تەجۋىد (ئوقۇش قائىدىسى)» بولغانلىقىدۇر. ھەربىر ھەرىپنىڭ تەلەپپۇز قىلىش، ئوقۇش قائىدىسى بار. سوزۇپ ئوقۇيدىغان ھەرپلەرنىڭ

سوزۇش مىقدارى بار. بىر ھەرپنى ئۆزگەرتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر ھەرپنى سوزاپ ئوقۇشتا خاتالاشسىمۇ ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ. مىقداردىن ئازراق سوزاپ قويسىڭىز ئاگاھلاندۇرىلىسىز، بەك سوزۇۋەتسىڭىز يەنە ئاگاھلاندۇرىلىسىز. مۇشۇنداق بىر كىتابنىڭ ھەرپىنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ھەققىدە گەپ قىلىشقىمۇ ئىمكان يوقتۇر.

# ھەدىسلەر ھەققىدە

## 40-سوئال: قۇرئان كەرىم يېتەمەمدۇ؟ ھەدىسلەرگە نېمە ھاجەت بار؟

جاۋاب: بۇ سوئالغا قۇرئان كەرىم بىلەن جاۋاب بېرەيلى. قۇرئان كەرىمگە قارايلى. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە نېمە دەيدۇ؟ كۆرەپ باقايلى. قۇرئان كەرىمدە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە ئەگەشمەڭلار، ئۇنىڭ سۆزى لازىم ئەمەس» دەيدىغان بىر نەرسە يوق. ئەكسىچە ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىشقا ۋە پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىشكە بۇيرىدىغان كۆپلىگەن ئايەتلەر بار. ئوتتۇزدىن كۆپ ئايەت بىزنى پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ. مەسىلەن: «ئى ئىمان ئېيتقان زاتلار! ... پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار ..»[22]، «ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە

22 «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، _ سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، _ بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ سىلەر ئۇچۇن ئەڭ ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئەڭ گۈزەلدۇر.» [سۈرە نىسا: 59- ئايەت]

ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.»[23]، «شەكسىزكى، سىلەرگە - ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلىغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»[24]، «شەكسىزكى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققانلار ئۇلاردىن بۇرۇنقىلار خار قىلىنغاندەك خار قىلىنىدۇ.»[25] «(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار.»[26] «.. ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرگە ئەگىشىڭلار.»[27]

23 «(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.» [سۈرە نىسا: 65- ئايەت]

24 «شەكسىزكى، سىلەرگە ـ ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلىغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» [سۈرە ئەھزاب: 21- ئايەت]

25 «شەكسىزكى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققانلار ئۇلاردىن بۇرۇنقىلار خار قىلىنغاندەك خار قىلىنىدۇ. بىز ھەقىقەتەن روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق. كاپىرلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار.» [سۈرە مۇجەدەلە: 5- ئايەت]

26 «(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار. (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.» [سۈرە ئال ئىمران: 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

27 «(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ھەممىڭلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۇرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا

«ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى تولۇق بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.»[28] بۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئايەتلەر بىزنى رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىدۇ.

ئەمدى بىز قۇرئان كەرىمگە قارىساق بىزنى ھەدىسلەرنى بىر كاناردا قويۇشنى ئەمەس، بەلكى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئالەمشۇمۇل ۋە قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بىر كىتاب بولغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى پەيغەمبەرگە ئەگىشىڭلار دېگەن بۇيرۇق، پەقەت ئۆز ۋاقتىدىكى ساھابىلارغىلا ئەمەس، 21- ئەسىردىكى بىزگە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ بۇ بۇيرۇقلىرىنى قانداق ئىجرا قىلىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتتا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈننىتىگە يەنى ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئىجرا قىلىدۇ. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ

سىلەر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، (شۇنىڭدەك) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسىگە _ ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار.» [سۈرە ئەئراف: 158- ئايەت]

28 سۈرە نۇر: 56- ئايەت.

كېلىشى لازىملىقىنى قۇرئان كەرىمگە قاراپ بىلىمىز.

يەنە شۇنىمۇ بىلىشىمىز لازىمكى، دىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسى بولغان ناماز ۋە زاكاتقا ئوخشاش ئىبادەتلەرگە قارىغان ۋاقتىمىزدا، قۇرئان كەرىمدە بۇ ئىبادەتلەرنىڭ قانداق ئادا قىلىنىشى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات تاپالمايمىز. مەسىلەن: نامازلارنىڭ قانچە رەكئەت بولغانلىقى، زاكاتنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىغا ئوخشاش تەپسىلىي مەلۇمات قۇرئان كەرىمدە يوق. بىز ئاللاھنىڭ بۇ ئىبادەت ئەمرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە قاراپ قانداق ئادا قىلىشنى ئۆگەنىمىسەك، ئاللاھنىڭ ناماز ئوقۇڭلار ۋە زاكات بېرىڭلار دېگەن ئەمرىنى قانداق ئادا قىلىمىز؟ دېمەك، قۇرئان كەرىم لازىم بولغان تەپسىلىي مەلۇماتنى ئېلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى ھەدىسلەرگە يۈزلەندۈرىدۇ.

**41-سوئال: پەيغەمبەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلاتتى، شۇڭا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ، دېگەن سۆز توغرىمۇ؟**

جاۋاب: توغرا ئەمەس. چۈنكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش لازىم. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە «كىم پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ» دەيدۇ.[29] يەنە قۇرئان كەرىم ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى ئايرىم، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنى ئايرىم تىلغا ئېلىپ: «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار»[30] دەيدۇ. بۇ يەردىكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش قۇرئانغا ئەمەل قىلىش بىلەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش سەھىھ ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىش ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى ياخشى كۆرۈشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

29 «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى (ئىتائەتتىن) باش تارتىدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق.» [سۈرە نىسا: 80- ئايەت]

30 سۈرە نىسا: 59- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگىشىشكە باغلاپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار. (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[31]. بۇ ئايەتكە قارىغان ۋاقتىمىزدا، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيىمىز ئاللاھنىڭ بىزنى ياخشى كۆرۈشى ۋە بىزنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىمىزنىڭ كۈچىيىشىدۇر. بۇ ئارزۇغا يېتىشنىڭ يولى بۇ ئايەتكە ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات بولمىغان ئىكەن، سەھىھ ھەدىسلىرىگە ئەگىشىشىمىز لازىم بولىدۇ. دېمەك، ھەدىسلەرگە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى سۆيگەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيمىز ۋە ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى قازىنىمىز. يەنى قۇرئان بىزگە يېتىدۇ، ھەدىس لازىم ئەمەس، دەيدىغانلار قۇرئان كەرىمنىڭ قىيامەتكىچە باقى ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارغا خىتاب قىلىدىغان ئالەمشۇمۇل بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەن بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ ئايەتنىكى بۇيرۇقنى قانداق بويسۇنۇشى كېرەكلىكىنى قانداق ئىزاھلىيالايدۇ؟!

31 سۈرە ئال ئىمران: 31- ئايەت.

## 42-سوئال: ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش قۇرئانغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىر ئەمەسمۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە پەيغەمبەرگىمۇ ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن ئايەتتە ئىشلىتىلگەن «ۋە» سۆزى ئەرەبچە گىراماتىكىغا ئاساسەن ئىككى ئىتائەتنىڭ ئايرىم-ئايرىم بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئىككى بۇيرۇق بار. ئەگەر ئىككى بۇيرۇق بىر نەرسە دېسەك، قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغىتىنى قانداق ئىزاھلايمىز؟ چۈنكى ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، دېگەن بولۇپ، بۇ مەنتىقسىز بىر گەپ بولىدۇ. بالاغەت جەھەتتە ئەيىبلىك بولىدۇ. «ۋە» باغلىغۇچىغا قارىغان ۋاقتىمىزدا ئىككى ئىتائەتنىڭ باشقا-باشقا بولغانلىقىنى چۈشىنىمىز. بىرى ئاللاھقا ئىتائەت ئىكەن يەنە بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەتتۇر. ئاللاھقا ئىتائەن قىلىش قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە يەنى سەھىھ ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

**43-سوئال: ئىنسانلار ھەممە ئىشتا ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇرمۇ؟ قۇرئان كەرىم بىزگە كۇپايە قىلمامدۇ؟**

جاۋاب: يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ناماز ۋە زاكاتقا ئوخشاش ئەڭ چوڭ ۋە مۇھىم مەسىلىدىمۇ ھەدىسلەرگە مۇھتاجمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ قۇرئان كەرىم بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە بۇيرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى ئېنىق بايان قىلىپ ئېيتىدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.»[32] يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆكۈم قىلدۇرمىغۇچە ۋە ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە رازى بولۇپ بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ۋە ئېنىق جاكارلايدۇ. بۇنداق قەتئىي بىر بۇيرۇق ئالدىدا ھېچ ئىككىلەنمەستىن ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم ئەمەسمۇ؟! كۈنىمىزدە يېڭى بىر مەسىلە چىقسا، بۇ ئايەتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ

32 سۈرە نىسا: 65- ئايەت.

ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشىمىز لازىم ئەمەسمۇ؟ دېمەك، قۇرئاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىشنىڭ لازىملىقى ئايان بولۇپ تۇرىدۇ.

**44-سوئال: ئايەتلەردە قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممە نەرسىنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. قۇرئان ھەممە نەرسىنى ئېنىق بايان قىلغان بولسا، ھەدىسلەرگە نېمە ھاجەت بار؟**

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممە نەرسىنى ئېنىق بايان قىلىشى باشقا، ھەممە كىشىنىڭ ئۇنى چۈشىنەلىشى باشقا بىر ئىش. مەسىلەن: قاننى مىسال قىلايلى. دوختۇرخانىغا بېرىپ قان تەھلىل قىلدۇرىمىز. تەھلىل نەتىجىسى چىققاندا بىز ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنەلمەيمىز. ئۇنى دوختۇرغا ئېلىپ بارساق، ئۇنى ياخشى چۈشىنىدۇ ۋە بىزگە چۈشەندۇرىدۇ. ئەسلىدە قان تەھلىلىنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. كىمگە ئېنىق؟ دوختۇرغا نىسبەتەن نەتىجە ناھايىتى ئىنىق ۋە چۈشىنىشلىك. بىزگە نىسبەتەن ئۇنداق ئەمەس. دېمەك، ئۇنى دوختۇرنىڭ بىزگە چۈشەندۇرۇشى لازىم. بۇ مىسالدىكىگە ئوخشاش قۇرئان كەرىم

ئېنىق، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئېنىق بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ھەممە نەرسىنى ئېنىق بايان قىلىدۇ، دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىنى ئوقۇماي، تەرجىمىسىگىلا تايانسا مۇشۇنداق خاتا چۈشەنچىلەر پەيدا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلغان زاتتۇر. ئۇنىڭدا مۇھكەم (مەنىسى ئېنىق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار قۇرئاننىڭ ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (مەنىسى ئېنىق ئەمەس) ئايەتلەر بار. دىللىرىدا ئەگرىلىك بولغان كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ ۋە ئىلىمدە توشقانلار بىلىدۇ.»[33] بۇ ئايەتتە قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قىسمىنىڭ مۇھكەم يەنە بىر قىسمىنىڭ مۇتەشابىھ بولغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنغان. ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئاللاھ ۋە ئىلىمدا توشقانلارنىڭ بىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. دېمەك، قۇرئاننىڭ ئوپئوچۇق بولۇش مەسىلىسىنى كىشىلەر خاتا چۈشەنگەن.

باشقا بىر مىسال: ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى ئوچۇقلاش،

33 سۈرە ئال ئىمران: 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىزاھلاش ۋەزىپىسى بىرىپ مۇنداق دېگەن: «بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان (ئايەتلەر)نى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلدۇق.»[34] بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاش-چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىسى بەرگەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلدۇ. دېمەك، كىشىلەر «قۇرئان ئوپئوچۇقتۇر» ئىپادىسىنى ياخشى چۈشەنمىگەن. چۈنكى ئەگەر قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئوپئوچۇق بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىزاھلاش ۋەزىپىسى بېرىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاش ۋەزىپىسى بېرىلگەن ئىكەن، قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن بىرلىكتە چۈشىنىپ ئەمەل قىلىش لازىم.

34 سۈرە نەھلە: 44- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**45-سوئال: ھەدىسلەر ئېغىز ئارقىلىق نەقىل قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 200 يىل كېيىن توپلانغان بولسا، ئۇنىڭ توغرا ۋە راستلىقىنى قانداق بىلىمىز؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن بۇ سوئالدىكى مەلۇماتلار توغرا ئەمەس. چۈنكى ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىن تارتىپ كۈنىمىزگىچە ھەم يېزىلىپ، ھەم يادلىنىپ ھەم ساھابە كىراملار تەرىپىدىن كۈندىلىك تۇرمۇشلىرىدا ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىپ كەلگەن. بىر نەچچە ساھابەنىڭ ھەدىسلەرنى يازغانلىقى ھەققىدە دەلىللەر بار. مەسىلەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەدىسلەرنى يازاتتى ۋە ئۇنى «سادىق سەھىپىلەر» دەپ ئاتايتتى. يەنى ھەدىسلەر ھەم يادلىنىپ، ھەم يېزىلىپ ھەم ئىجرا قىلىنىپ كەلدى. بولۇپمۇ ئىجرا قىلىنىش مەسىلىسى بەك مۇھىم. نامازغا ئوخشاش ئىبادەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ئون مىڭلارچە ساھابە ئۇنى رەسۇلۇللاھتىن ئۆگەنگىنى بويىچە ئادا قىلىش ئارقىلىق، باشقىلارغا ئۆگەتتى، ئۇلارمۇ ھەم ئۆزلىرى ئادا قىلىپ، ھەم كېيىنكىلەرگە ئۆگىتىپ كۈنىمىزگىچە ئېلىپ كەلمەكتە. دېمەك، ھەدىسلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى نۇقتىسىدا قولىمىزدا بىر نەچچە دەلىل بار.

يەنە بىلىشىمىز كېرەككى، ھەدىسلەرنىڭ توغرىلىقىنى قوبۇل قىلمايدىغان كىشىنىڭ پۈتكۈل تارىخ مەنبەلىرىنى قوبۇل قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى ھەدىسلەرنىڭ مەنبەسى بولغان ئىشەنچلىك سەنەدلەر دۇنيادا ھېچبىر تارىخ مەنبەلىرىدە يوقتۇر. مەسىلەن: بىر ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىدا 12 شەرت تەلەپ قىلىنىدۇ:

1-مۇئمىن بولۇشى.

2-رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ ئايەتلەرگە خىلاپ بولماسلىقى.

3-ئېسىدە تۇتۇۋېلىش كۈچى مۇكەممەل بولۇشى - ئۇنتۇغاق بولماسلىقى.

4-تەقۋادار بولۇشى.

5-مەرد-ئالىجاناب بولۇشى.

6-ھەدىس ئالىملىرى تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن بولماسلىقى.

7-ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولۇشى.

8-تونۇلغان، مەشھۇر بولۇشى.

9-راسچىل بولۇشى.

10-ئېتىقادى سەھىھ بولۇشى.

11-سەنەدى تۇتاش بولۇپ، ئۈزۈك

بولماسلىقى.

12-مۇدەللىس بولماسلىقى (يەنى ھەدىسلەرنى دۇرۇسلۇق بىلەن نەقىل قىلىشى).

ئىمام بۇخارى بۇنىڭغا 13- شەرتنى قوشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشى ھەدىسنى ئالغان كىشى بىلەن كۆرۈشكەن بولۇشى لازىم. يەنى بىز سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ كۈنىمىزگىچە كېلىشىنى ھەممە سەنەدى بىلەن كېلىشىگە ۋە رىۋايەت قىلغۇچىلاردا 12 شەرتنىڭ تولۇق بولۇشىنىڭ تەلەپ قىلىنىشىغا ۋە بۇخارىنىڭ بۇنىڭغا 13- شەرتنى قوشقانلىقىغا قارىغان ۋاقتىمىزدا ھەدىس مەنبەلىرىنىڭ قانچىلىك ئىشەنچلىك ۋە ساغلام ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. كۈنىمىزدىكى بەزى ئىنسانلار گۇيا ھەدىسلەرگە پەقەت ئاغزاكى رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن، تايىنىدىغان مەنبەسى يوق بىر نەرسىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ھالبۇكى ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى كىشى بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىش ئۈچۈن ئۇ ھەدىسنى ئالىدىغان كىشى بىلەن ئايلارچە بىللە ياشاپ ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى كۈزىتەتتى. ھەدىسلەر يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئونلارچە شەرت ۋە ئونلارچە قائىدە-ئاساسقا تايانغان ھالدا بىزگە كەلگەندۇر. بىر ھەدىسكە قارىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ كىم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى ۋە رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ

قانداق كىشى ئىكەنلىكى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلار مەۋجۇدتۇر. ھەتتا ھەدىس ئالىملىرى ياش ۋاقتىدا تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى كۈچلۈك ۋە ھەدىسى قوبۇل قىلىنىدىغان بىر كىشى ياشىنىپ قالغاندا، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئاجىزلىشىپ قالسا – ئۇ كىشى ئەۋلىيا بولسىمۇ – ئۇنىڭ ھەدىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇشۇنداق ساغلام ۋە ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كەلگەن ھەدىسلەرنى قانداقمۇ ئاغزاكى رىۋايەتلەر دېگىلى بولسۇن!

## 46-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ھەدىسلەرنى يېزىشنى مەنئى قىلغان ئەمەسمۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس يېزىشنى مەنئى قىلغانلىقىنى نەدىن بىلىمىز؟ ھەدىسلەر ئارقىلىق بىلىمىز. ئۇنداقتا ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلمىغان بىرى بۇ ھەدىسنى قانداق قوبۇل قىلىدۇ؟ دەپ سوراش لازىم. شۇنداقتىمۇ ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى يەنە ھەدىسلەردىن تاپالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ دەسلەپكى زامانلىرىدا ھەدىس يېزىشنى مەنئى قىلغان. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى قۇرئان كەرىم يېڭى

نازىل بولۇشقا باشلىغان، يېڭى-يېڭى ئايەتلەر چۈشۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئىپادە ئالاھىدىلىكىنى تېخى تولۇق بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئايەت بىلەن ھەدىسلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ يېزىپ قويۇش ئەندىشىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايەتلەرنىلا يېزىش ۋە ھەدىسلەرنى يازماسلىقنى بۇيرۇغان. چۈنكى ئىنسانلار تېخى قۇرئان كەرىمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىپ بولالمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىمۇ ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ سۆزىدىن پەرقلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى بولغان ھەدىس بىلەن ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان ئايەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ھەدىسلەرنىمۇ ئايەت دەپ گۇمان قىلىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ھەدىس يېزىشىنى مەنئى قىلغان. شۇ چاغدىمۇ بۇنداق ئارىلاشتۇرۇپ قويمايدىغان مەلۇم كىشىلەرنىڭ يېزىشىغا رۇخسەت قىلغان. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئەلى رەزىياللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ يازغان ھەدىسلىرى بۇنىڭ مىسالى. كېيىن ئىنسانلار قۇرئان ئايىتى بىلەن ھەدىسلەرنى ئايرىيالايدىغان ھالغا كەلگەندە ھەدىسلەرنىمۇ يېزىشقا رۇخسەت بەرگەن. يەنى ھەدىس يېزىشنى مەنئى قىلىش مەسىلىسى پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىغا ئائىت بىر مەسىلىدۇر.

يەنە بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان ئايەتلىرى يېزىلغان ۋاراق ياكى تاختىغا ھەدىس يېزىشنى مەنئى قىلغان. يەنى بىر كىشى ئايەتلەر يېزىلغان بىر ۋاراق يا بىر تاختىغا ئايەتنىڭ ئاستىدا ھەدىس يېزىپ قويسا، كېيىنكىلەر بۇ ۋاراق ۋە تاختىغا يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئايەت دەپ ئويلاپ، ئايەت بىلەن ھەدىسنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتىن قورقۇپ، ئايەت يېزىلغان تاختىغا ھەدىس يېزىشنى مەنئى قىلغان. يەنى گەپنىڭ خۇلاسىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى زامانلاردا بەزى كىشىلەرنىڭ سىرتىدا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ھەدىس يېزىشىنى مەنئى قىلىپ، كېيىن رۇخسەت قىلغان. يەنە ئايەت يېزىلغان نەرسىگە ھەدىس يېزىشنى مەنئى قىلغان، باشقا نەرسىگە يېزىشقا رۇخسەت بەرگەن.

## 47-سوئال: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھالال-ھارام قىلىش ھوقۇقى بارمۇ؟

جاۋاب: بىز يۇقىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ نۇرغۇن ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. پەيغەمبەرگە ئەگىشىش ئۇنىڭ يولىدا مېڭىش، ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئەمەل قىلىش

بولسا، ئىتائەت قىلىش ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىغا ۋە توسقانلىرىغا بويسۇنۇش دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالال-ھارام قىلىش ھوقۇقى بارلىقى ئوچۇق مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن ھەققىدە ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ۋەھيى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.[35] شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان. يەنە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالال-ھارام قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئېنىق تەكىتلەپ «ئۇ ھالال قىلىدۇ ۋە ھارام قىلىدۇ»[36] دېگەن. شۇنىڭ ئۇچۇن «ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى ھالال قىلغان نەرسە ھالال، ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى ھارام قىلغان نەرسە ھارام» دەيمىز. ئالتۇن ۋە يىپەكنىڭ ئەرلەرگە ھارام قىلىنىشى ۋە يەرلىك ئىشەك گۆشىنىڭ ھارام قىلىنىشى قۇرئان ئايىتى بىلەن ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھارام قىلىشى بىلەن ھارام بولغان.

35 «سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئازمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى، ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. بۇ (ئۇنىڭ ئىسلام ھەققىدە سۆزلىگەنلىرى) پەقەتلا ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھيىدۇر.» [سۇرە نەجم: 2-، 4- ئايەتلەر]

36 «ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ... ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇرغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» [سۇرە ئەئراف: 157- ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

**48-سوئال: بەزى ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان ئىكەن، يەنە بەزى ھەدىسلەردە ئولتۇرۇپ سۇ ئىچىشكە بۇيرۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ قايسىسىغا ئەمەل قىلىمىز؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن ھەدىسلەرنى چۈشىنىش ئۇسۇلىنى بىلىش لازىم. بولمىسا ھەدىسلەرنى خاتا چۈشىنىش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە، سۈننەت بىلەن رۇخسەتنىڭ پەرقىنى بىلمەسلىك. ئەسلىدە بۇ يەردە بىر مۇئەللىمنىڭ تەربىيە مېتودى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرۇپ سۇ ئىچىشنى تەۋسىيە قىلغان. لېكىن ئىنسانلار بۇنى پەرز دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، ئۆرە تۇتۇپ سۇ ئىچىشنى ھارام دەپ چۈشىنىپ قالمىسۇن، دەپ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەندۇر. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن. يەنى ئولتۇرۇپ سۇ ئىچىش سۈننەت. لېكىن ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىش ھارام ئەمەس، رۇخسەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەن رىۋايەتكە قارىغىنىمىزدا بۇنى ئېنىق كۆرىمىز. چۈنكى بۇ ھەقتە ئىككى رىۋايەت بار: بىرى ھەجدە كەبىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن زەمزەم سۈيىنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچكەن. چۈنكى ئۇ چاغدا

زەمزەم سۈيىنى قۇدۇقتىن ئېلىپ ئىچەتتى، ھەجدە نەچچە مىڭ كىشى زەمزەم ئىچىش ئۈچۈن بىر قۇدۇقنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان ھالەتتە ئولتۇرۇپ ئىچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىرى، ئەرەپاتتا مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتقانمىدۇ، تۇتمىغانمىدۇ؟ دەپ ئىككىلىنىپ قالغاندا، ئۇممۇ پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۈت بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا روزا تۇتمىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن سۈتنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچكەن.[37]

## 49-سوئال: ھەدىسلەردە تۆگە سۈيدۈكى ئىچىشكە بۇيرۇلىدۇ، بۇنى قوبۇل قىلغىلى بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەلبەتتە قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ. ھەدىس ئىنكارچىلىرى بۇ مەسىلىنى گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممىشە تۆگە سۈيدۈكى ئىچىشنى بۇيرۇغاندەك كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ھەدىستىن سەسكەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇنداق ئىش يوق. مەدىنىگە سىرتتىن بىر گۇرۇپپا كىشىلەر كېلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، مەدىنىدە بىر مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن قورساق ئاغرىق

37 بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

كېسەلگە گىرىپتار بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: بىز مال باقىدىغان پادىچىلارمىز، تېرىلغۇ قىلىدىغان دېھقانلار ئەمەس، شۇڭا بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى بىزگە خىل كەلمەي كېسەل بولۇپ كەتتۇق، دەپ شىكايەت قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا، شەھەرنىڭ سىرتىدا ھارۋە دېگەن جايدا مالىلىرىمىز بار، شۇ يەرگە بېرىپ تۆگىلەرنىڭ سۈتلىرىنى ۋە سۈيدۈكلىرىنى ئىچىڭلار» دېگەن. ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ تۆگىنىڭ سۈت ۋە سۈيدۈكلىرىنى ئىچىپ ساقايغان...[38] ھەقىقەت بۇنىڭدىن ئىبارەت.

بۈگۈن بىز ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا بارساق، دوختۇر دورا بۇيرۇسا، ئۇ دورا نېمىلەردىن ياسالغان دەپ سۈرۈشتە قىلماستىن دورىنى ئېلىپ يەيمىز. ھالبۇكى ئۇ دورىنىڭ تەركىبىدە تۆگىنىڭ سۈيدۈكىدىن پاسكىنا نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بولۇشى ئۈچۈن تىببىي دورا شەكلىدە تۆگە سۈيدۈكىنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ خۇسۇسىي بىر مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغان ۋە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ھېچقانداق بىر تەرىپى يوق. لېكىن بەزى يامان غەرەزلىك كىشىلەر

38 ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كىمگە ۋە قايسى ئىش ئۈچۈن تەۋسىيە قىلغانلىقىنى بايان قىلماستىن، توۈگىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچىڭ دەپتۇ، بۇ قانداق ئەقىلغا سىغىدۇ؟ دەپ داۋراڭ سالىدۇ. نادان ئىنسانلار ئۇلارنىڭ بۇ گېپىگە ئالدىنىپ، ھەدىسلەر ھەققىدە خاتا قاراشلاردا بولىدۇ. ھالبۇكى ئىشنىڭ تېگى تەكتىنى بىلسە، مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ. يەنى بىر كىشى ئىنساپ ۋە ۋىجدانى بىلەن ئىزدەنسە، ھەقىقەتنى تېپىشتا سەمىمىي بولسا، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىگە قارىسا ۋە ھەدىسلەرنى چۈشىنىش مېتودىنى بىلسە، سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن سۈننەتلەرنىڭ قانچىلىك مۇھىم ۋە كېرەكلىك ئىكەنلىكىنى، سەھىھ ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىشنىڭ لازىم بولغانلىقىنى ۋە ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىشنىڭ زىيانلىق بىر ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

# مىراج ھەققىدە

**50-سوئال: بەزى كىشىلەر مىراج ۋەقەسىنى ئىنكار قىلىدۇ، بۇنىڭغا مىراجنىڭ قۇرئان كەرىمدە يوقلىقىنى دەلىل قىلىدۇ. مىراج راست بولسا، نېمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنمايدۇ؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن بۇ سوئالدا بىر غەلىتىلىك بار. ئۇ بولسىمۇ مىراج ۋەقەسى مۇسۇلمانلار 1400 يىلدىن بېرى قوبۇل قىلىپ كەلگەن بىر مەسىلە. يەنى پۈتكۈل مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئەمدى ئەقلى پەلسەپە بىلەن قايمۇقۇپ قالغان بىرى چىقىپ مىراج ۋەقەسىنى ئىنكار قىلىپ، بىزگە قۇرئاندىن مىراجغا دەلىل كەلتۈرۈڭلار دېيىشى مەنتىقلىق بولمايدۇ. مەنتىق ئىلمىگە ئاساسەن ئىنكارچىنىڭ بىزگە قۇرئان كەرىمدە مىراجنىڭ يوقلىقىغا دەلىل كەلتۈرۈشى لازىم. ئەگەر دەلىل كەلتۈرەلمىسە، ئۇنىڭ دەۋاسىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقتۇر.

مىراج ۋەقەسىنىڭ قۇرئان كەرىمدە بار-يوقلىقىغا كەلسەك، قۇرئان كەرىمدە بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجغا

چىقىشى ئىككى مەساپىنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، بىرىنچىسى مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمدىن پەلەستىندىكى مەسجىدى ئاقساغا بېرىش بولۇپ، بۇ «ئىسرا» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بۇ ۋەقە ئىسرا سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە[39] بايان قىلىنغان. ئىككىنچىسى، مەسجىدى ئاقسادىن ئاسمانغا چىقىپ ئاللاھ تائالا بىلەن كۆرۈشۈش بولۇپ، بۇ «مىراج» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭغا نەجم سۈرىسىدە ئىشارەت قىلىنغان[40] بولۇپ، ئەسىرلەر بويىچە

39 «قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمىنى كۆرسىتەيلى دەپ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» - (سۈرە ئىسرا، 1 - ئايەت).

40 «ساقىغان ۋاقىتتىكى يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئازمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى، ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىگىنى پەقەتلا ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھىيدۇر. ۋەھىينى ئۇنىڭغا ناھايىتى كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىل) ئۆگەتتى. ئۇ مۇكەممەل يارىتىلىشقا ئىگە بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى. ئاندىن ئۇ ئاستا _ ئاستا پەسلەپ (مۇھەممەدكە) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق ئارىلىق قالغۇچە يېقىنلاشتى. ئاندىن ئاللاھ بەندىسى (مۇھەممەد) گە قىلىدىغان ۋەھىينى قىلدى. ئۇنىڭ (مىراجدا) كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى. (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن تالاش _ تارتىش قىلىشامسىلەر؟ شەكسىزكى، ئۇ (مۇھەممەد) جىبرىلنى يېنىدا جەننەتۇلمەئۋا ئورۇن ئالغان سىدرەتۇلمۇنتەھا دەرىخىنىڭ قېشىدا ئىككىنچى قېتىم (ئۆز شەكلىدە) كۆردى. ئۇ چاغدا سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئاجايىباتلار) قاپلىغان ئىدى. (مۇھەممەدنىڭ) كۆزى (ئوڭ – سولغا) قېيىپ كەتمىدى، (كۆرۈشكە بۇيرۇلغان شەيئىلەردىن) ئۆتۈپمۇ كەتمىدى. شەكسىزكى، ئۇ رەببىنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىللىرىدىن بىر قىسمىنى كۆردى.» - (سۈرە نەجم: 1-، 18-ئايەتلەر).

يېزىلىۋاتقان تەپسىرلەردە بايان قىلىنغان ۋە ئىزاھلانغاندۇر. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ھەدىس شېرىپلەردە كەلگەن. ھەدىسلەردە قانداق كەلگەنلىكىگە قارايدىغان بولساق، بۇ ۋەقە پۈتۈن مەككىدە كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنى بۇ ۋەقەنىڭ شاھىدى-گۇۋاھچىسى مۇسۇلمان، مۇشرىك پۈتكۈل مەككە خەلقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ياشىغان قىرىق ساھابە بۇ ۋەقەنى باشقىلارغا نەقىل قىلغان. ھەتتا بۇ كىشىلەر كىمگە نەقىل قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلەر ئىكەنلىكى، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مەنبەلىرىمىزدە مەۋجۇد. يەنى بۇ ۋەقەنى قۇرئاندا ئوچۇق كەلمىگەن، دەپ ئىنكار قىلىش ئاقىلانە بىر ئىش ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ۋەقەنى مەككە خەلقىگە ئېيتقانلىقىنى ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن بىلىمىز. دېمەك، ئىسرا ۋە مىراج ھەقتۇر، بۇنىڭدا شۈبھە قىلىش ۋە شەكلىنىشكە ئورۇن يوقتۇر.

## 51-سوئال: مىراج پەۋقۇلئادە بىر ۋەقە. بۇ ۋەقەنىڭ توغرا بىر شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟

جاۋاب: يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك بۇ ۋەقەنى ئەينى ۋاقىتتا مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ياشىغان قىرقتىن زىيادە ساھابە رىۋايەت قىلغان ۋە كۆنىمىزگىچە ئەڭ ئىشەنچلىك يول بىلەن كەلگەن. ھەدىسلەرگە قارىغان ۋاقتىمىزدا بۇ ۋەقەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات قىلىپ ئۇزۇن زامان ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلمىغانلىقىنى، بەلكى رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات زامانىدا بۇ ۋەقەنى يېزىپ قالدۇرغان ساھابىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. كېيىنكىلەر بۇ ۋەقەلەرنى ساھابىلەردىن دەرس ئالدۇ، ئۇلارمۇ ئۆزىدىن كېيىنكى نەسىلگە نەقىل قىلدۇ. ھەر ئەۋلاد بۇ ۋەقەلەرنى دەلىل-پاكىت بىلەن ئىسپاتلىغان ھالدا كېيىنكى ئەۋلادقا نەقىل قىلدۇ. بۇ ۋەقەنى نەقىل قىلغان كىشىلەرنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرىمۇ، ئىشەنچلىكمۇ، يالغان ئېيتامدۇ، تۇرمۇشى قانداق؟ دېگەندەك مەلۇماتلار بىلەن بىرگە كېيىنكى ئەۋلادلارغا نەقىل قىلىندۇ. بۇ شەكىلدە ھەم يادقا ئېلىنىپ، ھەم يېزىلىپ كۈنىمىزگە يېتىپ كېلىندۇ. بۇ ۋەقەنى بىر دانە ساھابە ئەمەس، بەلكى بىر نەچچە ساھابەنىڭ رىۋايەت قىلىشى بىلەن ئىنكار قىلىش مۇمكىن

بولمايدىغان كۈچلۈك بىر ھالغا كېلىدۇ. ھەتتا ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىسلەردىن بىرى: «كىم بىلىپ تۇرۇپ ماڭا يالغاننى توقۇسا (يەنى مەن ئېيتمىغان نەرسىنى ئېيتتى، دەپ يالغان ئېيتسا)، دوزاختىن ئورنىنى تەييارلاپ قويسۇن»[41] دېگەن ھەدىستۇر. مىراج ۋەقەسىنى رىۋايەت قىلغان ساھابىلار مۇشۇ ھەدىسنىمۇ رىۋايەت قىلغان. دېمەك، مىراج مەسىلىسى كۆنىمىزگىچە ساغلام بىر شەكىلدە نەقىل قىلىنغانلىقى قەتئىيدۇر.

## 52-سوئال: مىراج ۋەقەسىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇ ئۇزۇن سەپەرگە ئېلىپ چىقىشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: مىراج ۋەقەسىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتىدىكى ئەھۋالغا قارىغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ بەزى ھېكمەت ۋە سەۋەبلىرىنى چۈشىنىش مۇمكىن بولىدۇ.

بىرىنچى سەۋەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ شان-شەرىپىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق تەسەللىي بېرىشتۇر. مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى

41 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھىھلىكىدە بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

مۇشرىكلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ كېلىۋاتقان ئىككى كىشى بار ئىدى. بىرى تاغىسى ئەبۇ تالىب، يەنە بىرى ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا. بۇلار بار ۋاقىتتا مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھقا قاتتىق تىگەلمەيتتى. پەيغەمبەرلىكنىڭ ئونىنچى يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئىككى كىشى ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىمايىسىز قالدى ۋە مۇشرىكلار ئۇنىڭغا بۇرۇن قىلالمىغان ئەزىيەتلەرنى قىلىشقا باشلىدى. مەككىدە دەۋەت قىلىش ئىمكانسىز ھالغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ تائىپقا چىقىپ ئۇ يەردىكى تۇغقانلىرىدىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىشنى ۋە دەۋەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن تائىپ خەلقى مەككە مۇشرىكلىرىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئەسكىلىك قىلدى، رەسۇلۇللاھنى ھىمايىسىگە ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى تاش يامغۇرىغا تۇتۇپ، پۇت-قوللىرىنى قانىتىپ شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىپتىن قايتىشتا يولدا قىلغان دۇئاسى، ئۇنىڭ قانچىلىك قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ مەككىگە قايتىپ كېلىپ قاتتىق قايغۇغا پاتقان بىر پەيتتە مىراج ئەمەلىيلەشتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە بەرمىگەن ئىززەت ئىكرام بىلەن ھۇزۇرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ماقامىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئىككىنچى سەۋەب كائىناتتىكى سىرلارنى ۋە مەخپىي ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى ئادەتتىكى بىر ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پۈتۈن كائىناتقا مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى پۈتۈن كائىناتنى يورىتىدىغان بىر نۇر بولۇپ، يەريۈزىدىكى ئەڭ ئاددى بىر قۇم دانىسىدىن ئاسماندىكى سامانيوللىرىغىچە ھېچبىر نەرسىنىڭ بىھۇدە، مەقسەتسىز، تاسادىپىي مەيدانغا كەلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چوڭ-كىچىك ھەممە نەرسىنىڭ بىر زاتنىڭ ئىرادىسى، سەنئىتى، تەدبىرى بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئىنسانلارغا جەننەت، دوزاخ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش غەيبىي ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇلارنى تېخىمۇ قەتئىي بىر شەكىلدە بايان قىلىشى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنى قىيامەتكىچە داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن، ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بىر ئالاھىدىلىك ئۇنىڭغا بېرىلىشى لازىم. پۈتۈن كائىناتقا مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەزىپە ئۈچۈن

پۈتۈن كائىناتنى كېزىپ كۆرۈشى كېرەك. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا رەسۇلۇللاھنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ پۈتۈن كائىناتنى كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مىراجغا ئېلىپ چىقىشنىڭ سەۋەبى قىسقىچە مانا مۇشۇ.

## 53-سوئال: مىراج ۋەقەسىنىڭ بىزگە قانداق پايدىسى بار؟

جاۋاپ: مىراجنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا ئەلبەتتە چوڭ پايدىلىرى بار. ئۇ پايدىلاردىن ئىككىسىنى قىسقىچە بايان قىلايلى:

بىرىنچىسى، ناماز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجدا ئاللاھ تائالا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن بىزگە بەش ۋاقىت نامازنىڭ پەرز بولغانلىقىنى ئېلىپ كەلگەن. بىز ئاللاھ تائالانىڭ سانسىز نېمەتلىرىگە قانداق شۈكۈر قىلىشنى ۋە ئۇلۇغ رەببىمىزگە قانداق يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت-ئېھتىرامىمىزنى قانداق بىلدۈرۈپ، ئۇنى خۇشنۇد قىلىشنى سورىغىنىمىزدا ئالدىمىزغا ناماز چىقىدۇ. نامازدا ئاللاھ تائالاغا قول باغلاپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش، ئايەت ئوقۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش، قەد قامىتىمىزنى ئىگىپ رۇكۇ قىلىش ئارقىلىق ھۆرمەت بىلدۈرۈش، ئەڭ ئۈستۈن تۇتىدىغان يۈزىمىزنى يەرگە قويۇش ئارقىلىق ھۆرمەت بىلدۈرۈش بار.

بەندە سەجدە قىلغاندا ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ناماز مۆئمىنىنىڭ مىراجى» دېيىلىدۇ. مانا مۇشۇ ئۇلۇغ ناماز بىزگە مىراجدا پەرز قىلىنغان.

ئىككىنچىسى غەيبىياتلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈش. بىر ئەھۋالنى بىراۋدىن ئاڭلاپ ياكى بىر كىتابتا ئوقۇپ چۈشەندۈرگەن كىشىنىڭ سۆزىدىن، ئۇنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ چۈشەندۈرگەن كىشىنىڭ سۆزى بەكرەك دىققەت تارتىدۇ ۋە تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجدا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان غەيب نەرسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن؛ جەننەتنى، ئۇنىڭدىكى نېمەتلەرنى، دوزاخنى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەرخىل ئازابلارنى، يەتتە قات ئاسماننى ۋە ئۇلاردىكى نەرسىلەرنى، ئەرشنى، كۇرسىنى ۋە باشقا نۇرغۇن غەيب نەرسىلەرنى كۆرگەن. بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ بىلىپ بىزگە چۈشەندۈرگەن.

**54-سوئال: مىراجنىڭ بەدەن بىلەن بولۇشى ئىمكانسىزدۇر، دېگۈچىلەرگە نېمە دەيمىز؟**

جاۋاب: كائىناتنى ئاللاھ تائالا ياراتقان ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى يەنە ئۆزى بېكىتكەن، شۇڭا خالىغان بەندىسى ئۈچۈن

خالىغان قانۇنلارنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، دېگەن ئادەم مۇسۇلمان بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانى ئاجىز دېگەنلىك بولىدۇ. مىراج ئاددى بىر ئىش ئەمەس، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن مۆجىزىسى. مۆجىزە دېگەن پەيغەمبەرگە بېرىلگەن ئادەتتىن تاشقىرى يەنى تەبىئەت قانۇنىغا خىلاپ بىر ھادىسەدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روھىي ۋە بەدىنى بىلەن مىراجغا چىقمىسا، ئۇ مۆجىزە بولمايدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجغا چۈشىدە چىققانلىقىنى ئېيتقان بولسا ئىدى، كاپىرلار ئۇنى ئىنكار قىلمايتتى. چۈنكى ھەرقانداق ئىنسان چۈشىدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ ياكى كۆرۈپ چۈشەيدۇ.

مەككە مۇشرىكلىرى مىراجنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىش ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلغان، پەقەت ئىمان كەلتۈرمىگەن. بىز ئىمان كەلتۈرگەن تۇرۇغلۇق بۇ مۆجىزىگە قانداق شۈبھە قىلىمىز ياكى قانداق ئۇنى ئىنكار قىلىمىز؟ قانداقمۇ ئۇنىڭ بەدەن بىلەن بولۇشى ئىمكانسىز، دەيمىز؟ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەم بەدىنى ھەم روھى بىلەن ئاسمانغا چىقارغان. بۇنىڭدا ئەقىلغا سىغمايدىغان ھېچقانداق بىر نەرسە يوق.

**55-سوئال: مىراج جەريانىدا بىرمۇنچە ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇنچىۋالا كۆپ ھادىسىلەر بۇنچىلىك ئاز ۋاقىتتا قانداق مەيدانغا كېلىدۇ؟**

جاۋاب: يۇقىرىدىكى جاۋاب ئەسلىدە بۇ سوئالغىمۇ جاۋاب بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ مەسىلىنى ئايرىم بايان قىلماقچى بولساق، ۋاقىت ئىنسانلارغا نىسبەتەن نىسپىي نەرسە. بەزى ئىنسانلار ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بولالايدۇ. بەزىلەر كۆپ ۋاقىتتا ئازغىنە ئىشنى قىلالايدۇ. بۇنى بىر مىسال بىلەن زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرايلى. چوڭ بىر سائەتنى پەرەز قىلايلى. ئۇنىڭ سائەتنى، مىنۇتنى، سېكونتنى، سېكونتنىڭمۇ ئاز ۋاقىتنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ۋاقىتنى كۆرسىتىدىغان ستىرىلكىلىرى بولسۇن. بىر كىشى بۇ ستىرىلكىلاردىن مىنۇت ستىرىلكىسىغا مىنسە، يەنە بىر كىشى ئەڭ ئاز ۋاقىتنى كۆرسىتىدىغان ستىرىلكىغا مىنسە، بۇ سائەت ئىشلەشكە باشلىسا، مىنۇت ستىرىلكىسىغا مىنگەن كىشى بىر مىنۇتتا سائەتنى بىر قېتىم ئايلانغان ئىكەن، ئەڭ ئاز ۋاقىت ستىرىلكىسىغا مىنگەن كىشى بىر مىنۇتتا سائەتنى يۈزلەرچە قېتىم ئايلىنىدۇ. بۇ كىشى بىر مىنۇتتا بۇ سائەتنىڭ ئەتراپىنى يۈزلەرچە قېتىم ئايلاندىم دېسە، مىنۇت ستىرىلكىسىغا

مىنگەن كىشى ئۇنىڭغا بۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتتا قانداق يۈزلەرچە ئايلىنىپ بولىسەن؟ دېيەلەمدۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ تائالا زامانىنى ئۆزى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى خالىغان بەندىسى ئۈچۈن زامانىنى خالىغان شەكىلدە ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭدا بىر توسالغۇ يوق. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا ياراتقان بەزى مەخلۇقلىرىغا بەرگەن سۈرئەت بىلەنمۇ بۇ مەسىلىنى چۈشىنەلەيمىز. مەسىلەن: نۇرغا بىر سىكونتتا 300.000 كىلومېتىر سۈرئەت بەرگەن. دۇنياغا ئوخشاش ئېغىر بىر سەييارىگە بىر سائەتتە 107.000 كىلومېتىر سۈرئەتتە سەير قىلىش سۈرئىتى بەرگەن. يەنى بىر مىنۇت ئىچىدە ئوخشىمىغان ئالەملەردە مىڭلارچە ۋەقەنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىندۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قىسقا بىر ۋاقىتتا يەتتە قات ئاسمانلاردىن ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن ئەھۋاللارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىشتۇر. بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى يېتىدۇ.

**56-سوئال: مىراج ئەسناسىدا ئاللاھ تائالانىڭ 50 ۋاخ ناماز پەرز قىلغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلىپ 5 ۋاخقا چۈشۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئاللاھ بىلەن سودىلاشقانلىق بولمامدۇ؟**

جاۋاب: بۇ مەسىلىدە بىز ئۈچۈن مۇھىم دەرسلەر بار. لېكىن بەزىلەر ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەس، تالاش-تارتىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قالايمىقان سوئاللارنى سورايدۇ. بۇ بىر سودىلىشىش ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ۋە نامازنىڭ بەش ۋاخ بولىدىغانلىقىنى ئاۋۋالدىن بىلىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بۇ سۆھبەتلەر بولدى؟ بۇنىڭدىن بىر نەچچە دەرس چىقىرىمىز:

1- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمىتىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ۋە تەلىپىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قانچىلىك مەقبۇل بىر زات ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ نامازنى 50 ۋاختىن بەش ۋاخقا چۈشۈردى. ئەمما ساۋابى ئۆز پېتى قالدى. يەنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغان كىشىگە 50 ۋاخ نامازنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ.

2- ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى ۋە سۆيگۈسىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولغانلىقىنى بىلىمىز. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ھۇزۇرىغا چىقىپ نامازنى يەڭگىللىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، بەش ۋاخ نامازنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا بىر نەچچە قېتىم چىقىپ سۆز قىلىشىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

3- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى بولغان ۋە ئاللاھ تائالا سۆيىدىغان بارلىق ياخشى خىسلەتلەر ئۇنىڭدا جۇغلانغان ئىكەن، بىزنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىشىمىز، ئۇنىڭ يولىدىن مېڭىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلىمىز. ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك قىلىدىغان بىر مودېل ۋە ئەگىشىپ ماڭىدىغان بىر ئۈلگە قىلدى.[42]

42 «(ئى پەيغەمبىرىم!) ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاللاھنى سۆيىدىغان بولساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى سۆيىدۇ ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ..» [سۈرە ئال ئىمران: 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

«سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» [سۈرە ئەھزاب: 21- ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

4- ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر بەندىسىنى ئۇنداق يۇقىرى دەرىجىگە چىقارغان ئەمەس. رەسۇلۇللاھنى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە ساياھەت قىلدۇردى، بۇ ساياھەتتە نۇرغۇن مۆجىزە ۋە ئالامەتلەرنى كۆرسەتتى. ئۇ يەردىن سىدرەتۇلمۇنتەھاغا چىقاردى، ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئاللاھ ئۆزى بىلىدىغان يەرگە ئېلىپ چىقتى، رەسۇلۇللاھقا بىۋاستە سالام قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇردى.[43] بۇ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن ئىلتىپات ۋە ھۆرمەتتۇر. مىراجنى ئىنكار قىلغۇچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مانا مۇشۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقىغا چىدىيالماي ئىنكار قىلىدۇ.

43 ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنى قارشى ئېلىپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكە ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن» دېدى. رەسۇلۇللاھ سالامنى ئەلەيك ئېلىپ: «بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن» دېدى.

# دىن ھەققىدە

**57-سوئال: دىنلار ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەسمۇ؟**

جاۋاب: ھەق دىن ئىنسان بىلەن بىرلىكتە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىنسان ئىجادى ئەمەستۇر. چۈنكى ياراتقۇچى ئاللاھ ئىنساننى ياراتقاندا ئۇنىڭ قەلبىگە ئۆزىنى ياراتقان، ھەممە نەرسىگە كۈچى يېتىدىغان رەببى بولغان بىر ئاللاھقا ئىشىنىش، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ئارقىلىق بەندىلىكىنى ئىپادىلەش ۋە ئۇنىڭ ھىمايىسىگە سىغىنىش تۇيغۇسىنى يەرلەشتۈرگەن. لېكىن ئىنسانلار ئىجاد قىلغان پىكىر ۋە چۈشەنچىلەردە خاتالىشىپ بۇتقا يا ئوتقا يا قۇياشقا ياكى بەزى ھايۋانلارغا چوقۇنۇشتەك ساختا ئىلاھلارنى تىكلەپ، خاتا-باتىل ئەقىدىلەردە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق بۇ خاتا ئەقىدىلەرنى تۈزىتىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ خاتا-باتىل ئەقىدىلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى ھەق دىندۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسى «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» تۇر. بۇنىڭ مەنىسى: چوقۇنۇپ قۇلچىلىق

قىلىشقا، بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىشقا ۋە ھىمايىسىگە سىغىنىشقا لايىق ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، پەقەت بىر ئاللاھلا ئۇنىڭغا لايىق ئىلاھتۇر، دېگەن بولىدۇ. يەنى ئەڭ باشتىنا بارلىق ساختىنا ئىلاھلارنى، خاتا پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنى پۈتۈنلەي رەت قىلىمىز. ئارقىسىدىن ئىلاھ بولۇشقا، ئۇلۇغلىنىشقا ۋە بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىنىشقا لايىق يالغۇز ئاللاھ بار، دەيمىز. دېمەك، بارلىق خاتا پىكىر ۋە باتىل ئىشىنىشلەر ئىنسانلارنىڭ ئىجادى، ئۇلارنى تۈزەتكۈچى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كەلگەن دىن ئاللاھنىڭ دىنىدۇر. ئىسلام باشقا دىن ۋە ئەقىدىلەرنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلىغىنىدەك، ئۆزىنىڭ ھەق دىن بولغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. يەنى ئىنسانلار ئىجاد قىلغان خاتا پىكىر ۋە باتىل ئەقىدىلەر بار؛ ئەمما ئىسلام ئۇلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇ يەريۈزىدىكى بىرلا ھەق دىنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزگەرمەيدۇ، يوقالمايدۇ، قىيامەتكىچە مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ.

## 58-سوئال: ئىسلامنىڭ ئىنسان ئىجادى بولمىغانلىقىنى قانداق ئىسپاتلايمىز؟

جاۋاب: ئىسلامغا قارىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ ھەم ئەقلىنى ھەم قەلبىنى قايىل قىلىدىغان بىردىنبىر ھەق دىن ئىكەنلىكىنى

كۆرىمىز. باشقا دىنلارنىڭ، پىكىرلەرنىڭ ۋە ئىدىيەلەرنىڭ خاتا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ساغلام ئەقىلنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرىمىز. ئىسلام ئىنساننىڭ ئەڭ ئاساسلىق سوئاللىرىغا ناھايىتى قايىل قىلارلىق ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن جاۋاب بېرىدۇ. مەسىلەن: مەن كىم؟ قەيەردىن كەلدىم؟ نېمىشكە يارىتىلدىم؟ بۇ ئالەمنىڭ بارلىقىنىڭ غايىسى نېمە؟ قەيەرگە بارىمىز؟ دېگەندەك ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم سوئاللارغا ئىسلام ئەڭ قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرىدۇ. مانا بۇ ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئىسلام يەنە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ئىنسانلارنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئەڭ توغرا ئۇسۇل-قائىدىلەرنى؛ ئادالەت پىرىنسىپلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەڭ ياخشى ئىدارە قىلىش مېتودىنى بىزگە سۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنى ئالەمشۇمۇل بىر شەكىلدە سۇنىدۇ. يەنى قايسى زاماندا ۋە قايسى ماكاندا ياشىساق ياشايلى ئىسلام تۈزۈمى ھەر دائىم، ھەر مۇشكۈلگە ھەل-چارە سۇنىدۇ. ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بۇ يەردىنمۇ كۆرەلەيمىز.

بىز يەنە ئىسلامنىڭ ئاساسى بولغان قۇرئان كەرىمگە قارىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئونلارچە مۆجىزىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ

ھەق كالامى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن: قۇرئاندىكى غەيبىي مۆجىزىلەر، بالاغەت-پاساھەت مۆجىزىلىرى، ئىنسالارغا: بۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار! دەپ، دۇئىل ئېلان قىلىشى، 1400 يىل ئۆتكەن تۇرۇغلۇق ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەسلىكى، ئىچىدە كائىناتنى ناھايىتى توغرا ۋە ئىلمىي ئاساسلار بىلەن چۈشەندۈرگەن ئىشارەتلەرنىڭ بولۇشىغا ئوخشاش مەلۇماتلار بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن بولغانلىقىنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز.

**59-سوئال: ئاتېئىستلار دىن ئىنسانىنىڭ مېڭىسىنى زەھەرلەيدىغان بىر ئەپيۇندۇر، يەنى ھۆكۈمرانلار ئىنسانلارنى دىن بىلەن ئۇخلىتىپ ئۆز خاھىشىغا يۈزلەندۈرىدۇ، دەيدۇ. ھەقىقەت ئاشۇنداقمۇ؟**

جاۋاب: بىز ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنى باشقا دىن ۋە ئەقىدىلەردىن ئايرىشىمىز لازىم. چۈنكى ئىسلام دىنىغا قارايدىغان بولساق، ئىنساننى ئۇخلىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، داۋاملىق ئىنسانلارنى ئويلاشقا، تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىشكە تەشۋىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنى قۇرئان كەرىم ئىنسانلارغا: «ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

تەپەككۇر قىلمامسىلەر؟ ئىزدەنمەمسىلەر؟» دەپ خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئويغىتىدۇ ۋە ئىلمىي تەتقىق ئېلىپ بېرىشقا ئۈندەيدۇ. ئاسمان، زېمىن ۋە دېڭىزلاردىكى مەۋجۇداتلارنى تەتقىق قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئىزدەنمىگەن، تەتقىق قىلمىغان ۋە ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەرنى «ھايۋاناتلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر»[44] دەپ ئەيىبلەيدۇ. مۇشۇنداق بىر دىننى ئىنسانلارنى ئۇخلىتىدۇ، مېڭىسىنى زەھەرلەيدۇ، دېيىشكە بولامدۇ؟! ئەلبەتتە بولمايدۇ.

باشقا دىنلاردا بەزى شەخسلەر بەك مۇھىم ئورۇنغا كېلەلەيدۇ. بۇ شەخسلەر ئىنسانلارنى كونترول ئاستىغا ئېلىپ، دىنغا قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ «ھۆكۈمرانلار ئىنسانلارنى ئۆز خاھىشىغا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن دىننى ئىشلىتىدۇ» دېگىنىدەك، ھاكىمىيەتكە قارشى چىققانلىق دىنغا قارشى چىققانلىق دەپ، جار سالىدۇ؛ ئىلمىي تەتقىقاتلارغا يول قويمايدۇ. ئىسلامدىچۇ؟ ئىسلامدا شەخسلەر مۇقەددەس ئەمەس، مۇقەددەس بولغىنى ۋەھيىدۇر. يەنى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدۇر. ئىسلامدا كىشىلەرنىڭ

44 «ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ. قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقىقەتكە قۇلاق سالمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتە گۇمراھتۇر...» [ئەئراف سۈرىسى: 179- ئايەت]

جەمئىيەتتىكى ئورنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قۇرئان-ھەدىسقا ئوخشاش بويسۇنىدۇ. دېمەك، كىشىلەرگە ئەمەس، ئىلىمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن ئىسلامدۇر. ئىسلامدا بىر مۇسۇلمان باشقىسىنىڭ زورلىشى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، دەيدىغان بىر ئەھۋال يوق. چۈنكى ئەمەل قىلىنىدىغان قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىلىم ھەممىگە مەلۇمدۇر. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان ماڭىدىغان يولىنىڭ خەرىتىسىنى سىزالايدۇ.

«دىن ئەپيۇندۇر» دېگەن سۆز خرىستىئان دىنى بۇزۇلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر سۆز بولۇپ، ئىسلام بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. خرىستىئان دىنى ياكى باشقا دىنلاردا شەخسلەرگە ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلىدۇ. ئىنسانلارغا ئەپيۇ قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. ئىسلامدا ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى بىز «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» يەنى ئەپيۇ قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى ئىلاھ يالغۇز ئاللاھتۇر، دەيمىز. ھەتتا شۇنىمۇ قوشايلىكى، ئىسلام بۇ دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ بىر ئېتىزى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ دۇنيا ئۈچۈنمۇ ئىشلەشكە، ھەرىكەت قىلىشقا ۋە دۇنيادا ئىز قالدۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. مەسىلەن: ئىنسان ئىشلەش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىسمىنى بىلىدۇ. ئىسلام دىنىمىزدا ئىشلەش ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن،

ئىنسانلارنى توختىماي ھەرىكەت قىلىش ۋە تىرىشىشقا ئۈندەيدۇ. ئىسلام ئىنسانلارنى ئۇخلىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن توختىماي جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەك قىلدۇرىدىغان دىندۇر. دېمەك، ئىنسانلارنى ئۇخلىتىدۇ، مېڭىسىنى زەھەرلەيدۇ، قارغۇلارچە باشلىقلارغا بويسۇندۇرىدۇ، دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن قەتئىي ئالاقىسى يوق، بەلكى ئىسلام قەتئىي رەت قىلىدىغان سۆزلەردۇر.

**60-سوئال: ئەگەر ئىسلام ھەق دىن بولسا، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ باشقا دىنلارنىڭ يېيىلىشىغا يول قويىدۇ؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيانى بىر سىناق مەيدانى قىلغان ۋە ئىنسانلارنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن ياراتقان. دۇنيادا بىرلا ھەق دىن بار. ئۇ بولسىمۇ ئىسلامدۇر. بۇ دىننى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاش ۋە زورلاش يوقتۇر. پەقەت كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكى دەلىل-ئىسپاتلىرى بىلەن بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى. ئەگەر باشقا دىن ۋە قاراشلارنىڭ مەۋجۇد بولۇشىغا ۋە يېيىلىشىغا يول قويمىسا، ئۇ چاغدا ئىنسانلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا

مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ، ئىنسانلارنىڭ تاللاش ئىختىيارى بولمايدۇ ۋە ئىمتىھان يوق بولىدۇ.

دېمەك، خاتا پىكىر ۋە قاراشلار مەۋجۇد بولىدۇ، ئاللاھ تائالا خاتا پىكىر ۋە قاراشلارنى تۈزىتىدىغان، توغرا-ھەق دىننى كۆرسىتىدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا بىر تەرەپتە خاتا ۋە باتىل پىكىر يەنە بىر تەرەپتە توغرا ۋە ھەق پىكىر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەق بىلەن باتىلنىڭ قايسىنى تاللاش ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىغا قالىدۇ. ھەقنى تاللىغان مۇكاپاتقا، باتىلنى تاللىغان جازاغا ھەقلىق بولىدۇ. يەنى ئىسلام دىنى ھەقتۇر، ئۇنداقتا باشقا دىنلار مەنئى قىلىنىشى، يوقىتىلىشى لازىم، دېگەندەك سۆزلەر توغرا ئەمەس. ئىسلام ھەق دىندۇر، ئۇنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر بار. بۇ دۇنيا ئىمتىھان مەيدانى بولغانلىقى ئۈچۈن خالىغان كىشى ئىسلامدىن باشقا دىن ۋە قاراشقا يۈزلىنەلەيدۇ.

## 61-سوئال: ئىسلام ھەق دىن بولسا، نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى؟

جاۋاب: ئىسلام ئارقىدا قالمىدى، مۇسۇلمانلار ئارقىدا قالدى. ئەگەر ئىسلامنى تەنقىد قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى تەنقىد قىلىشى لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلار

ھەر دائىم غەلىبە قىلىدۇ ۋە ئۈستۈن بولىدۇ، دەيدىغان بىر دەۋاسى يوق. ئەكسىچە ئىسلام تارىخىدا ئۇھۇد غازىتى بار. بۇ غازاتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىدە تۇرۇغلۇق مۇسۇلمانلار يېڭىلگەن. بۇ ۋەقە ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتتە: «ئەگەر سىلەرگە (ئۇھۇد غازىتىدا) بىر تالاپەت يەتكەن بولسا، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى غازىتىدا) ئوخشاشلار تالاپەت يەتكەن ئىدى. بۇنداق كۈنلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز»[45] دەيدۇ. دېمەك، ئىسلامنىڭ قارىشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى غەلىبە قىلىپ ئۈستۈن بولۇشى، بەزى ئاجىز كېلىپ مەغلۇب بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، بىز ھازىر مۇشۇ ھەقىقەتنى ياشاۋاتىمىز. بىر كۈن ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستۈن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بۈگۈنكى مەغلۇبىيەت ۋە چۈشكۈنلۈكنى ئىنسانلارنىڭ خاتالىقلىرى ۋە زاماننىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە باغلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭدىن ئىسلامنىڭ ئۆزىگە بىر تەنقىد چىقمايدۇ. چۈنكى ئىسلام مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇكەممەل تەتبىقلىنىۋاتقان ۋاقتىدىمۇ مۇسۇلمان بەزىدە

45 «ئەگەر سىلەرگە (ئۇھۇد غازىتىدا) بىر تالاپەت يەتكەن بولسا، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى غازىتىدا) ئوخشاشلا تالاپەت يەتكەن ئىدى. بۇنداق كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز، (بۇ) ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىمان ئېيتقانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ۋە سىلەردىن شېھىتلەرنى چىقىرىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.» - (سۈرە ئال ئىمران، 140 - ئايەت).

غالىب بەزىدە مەغلۇب بولغاندۇر. قۇرئان كەرىمدە مۇشرىكلارنىڭ «بىزنىڭ باي، باياشات تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقانلىقىمىز ئاللاھنىڭ بىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن سۆزىنى رەت قىلىنىدۇ. باياشات ياشاش ياكى نامرات بولۇش ھىدايەت ئۆلچىمى ئەمەس. قۇرئان كەرىم بۇنداق دەۋانى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ. دېمەك، بۈگۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى ۋە ئاجىز بولغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمىگەندەك، كاپىرلارنىڭ ئۈستۈن ۋە باياشات ياشىشىمۇ ئۇلارنىڭ يولىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ.

## 62-سوئال: ئىسلام بىرلىكنى بۇيرۇغان تۇرسا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا نېمىشكە بۇ قەدەر كۆپ پىكرىي بۆلۈنۈشلەر بار؟

جاۋاب: بىرىنچى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى پىكىر ئوخشىماسلىقى ناھايىتى مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ھالبۇكى مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ مەسىلىدە ئىتتىپاقتۇر. خۇددى بىر يېرى ئاغرىغان كىشى ساق ئەزاسىنى ئۇنتۇپ، ئاغرىغان يېرىگىلا قارىغىنىدەك، ئىتتىپاق بولغان مەسىلىلەرگە قارىماستىن پەقەت ئىختىلاپلىق بولغان مەسىلىلەرگىلا قارىغانلار مۇسۇلمانلارنى پارچىلىنىپ كەتكەن دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، پىكرىي ئىختىلاپنىڭ بولۇشى ماقۇل بىر ئىشتۇر. چۈنكى ئىنسان ئاشۇنداق يارىتىلغان، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ بىر پىكىردە بولۇشى، ھەممە نەرسىنى ئوخشاش چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە ھەممە كىشى ئەينى پىكىردە بولسا، ئۇ يەردە بىسىم بار، ئەركىنلىك يوق، دىگەنلىك بولىدۇ. ئىسلام ئىنسانلارغا پىكىر ئەركىنلىكى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئايەت-ھەدىسلەرنى پەرقلىق چۈشىنىشكە، پەرقلىق ئويلاشقا رۇخسەت قىلىدۇ. خرىستىئان ۋە باشقا دىنلاردا ئۇنداق ئەركىنلىك بەك كۆرۈلمەيدۇ.

## 63-سوئال: ھەق بولغان بىر دىنىنىڭ يالغۇز بىر پىكىر ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى لازىم ئەمەسمۇ؟ نىمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىكىر ئوخشىماسلىقى مەۋجۇت؟

جاۋاب: ئىنسانلارنى يالغۇز بىر پىكىردە قىلىش ئىمكانسىزدۇر. مەسىلەن: بىر ئايەتنى بىر مۇسۇلمان بىر خىل چۈشەنسە، باشقا بىر مۇسۇلمان يەنە بىر خىل چۈشەنسە، بۇ چاغدا ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بىرى يەنە بىرىنى قايىل قىلىشى، قايىل بولمىسا، ئۇنىڭغا بىسىم قىلىشى لازىم. ئىسلام بىسىم قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

بارلىق مۇسۇلمانلارنى بىرلا پىكىردە قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەسلىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىكىر ئوخشىماسلىقىنىڭ بولۇشى، پىكىر ئەركىنلىكى بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ۋە ھەقىقەتنى تېپىشنىڭ يولىدۇر. بۇ سوئالدا تەنقىد قىلىنماقچى بولغان نەرسە پىكىر ئەركىنلىكىدۇر. ئەگەر پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىر پىكىردە بولسا ئىدى، ئىسلامدا پىكىر ئەركىنلىكى يوق، دەپ تەنقىد قىلىناتتى. پىكىر ئوخشىماسلىقى پۈتكۈل دىن ۋە ئېقىملاردا مەۋجۇد، ھېچكىم بۇنى تەنقىد قىلمايدۇ. مەسىلەن: نېمىشكە خرىستىيانلارنىڭ ھەممىسى ئەينى پىكىردە ئەمەس، دەپ بىر سوئال سورىلامدۇ؟ سورالمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا پەرقلىق ئويلايدۇ، پەرقلىق چۈشىنىدۇ. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى پىكىر ئوخشىماسلىقىنى بىر-بىرىنى يامان كۆرۈش، زىددىيەت پەيدا قىلىش ۋە دۈشمەنلىك سەۋەبى قىلىۋالماسلىقى لازىم.

## 64-سوئال: ئىسلام پىكىر ئوخشىماسلىقىغا رۇخسەت قىلغان ئىكەن، نېمە ئۈچۈن بىرلىككە بۇيرۇيدۇ؟

جاۋاب: ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىدىن بىرى پىكىرئوخشىماسلىقى بىلەن بىرلىك بولۇشتۇر. يەنى ئورتاق ئاساسلاردا ئىتتىپاقلىشىپ، قالغان پىكىر ئوخشىماسلىقىنى تەبىئىي ئەھۋال دەپ قاراش ئالاھىدىلىكى بار. مەسىلەن: شافىئىي مەزھىبىدىكى بىر مۇسۇلمان ھەنەفىي مەزھىبىدىكى بىر مۇسۇلمان بىلەن قېرىنداش بولالايدۇ. بىر-بىرىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. پىكىر ئوخشىماسلىقى ئۇلارنىڭ قېرىنداش بولۇشىغا توسالغۇ بولمايدۇ. ئەسلىدە پىكرى ئوخشىمايدىغان ئىنسانلارنى بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش قىلىش ناھايىتى ياخشى بىر قېرىنداشلىق شەكلىدۇر. پىكرىي ئوخشىماسلىقنىڭ بولۇشى قېرىنداشلىقنى يوقاتمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئورتاق بىر ساھەدە بىرلىشىدۇ، ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش، ئاخىرەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش دېگەندەك ئاساسلىق مەسىلىلەردە ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىك ھاسىل قىلىدۇ. پىكىر ساھەسىدە پەرقلىق پىكىر ۋە قاراشلاردا بولۇپ، بىر-بىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا پىكىر ئوخشىماسلىقىغا يول قويغان.

ئەسلىدە بۇنىڭغا يول قويماسلىق چوڭ خاتادۇر. پىكىر ئوخشىماسلىقىغا يول قويمىغاندا بۇرۇن خىرىستىيانلاردا بولغاندەك، چىركاۋ تەرىپىدىن تېڭىلغان پىكىرنى قوبۇل قىلىش، باشقا تۈرلۈك تەپەككۇر قىلالماسلىق مۇشكۈلى پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئىسلامنىڭ مۇسۇلمانلارغا پىكىر ئەركىنلىكى بېرىشى كاتتا نېمەتتۇر.

# ئايااللار ھەققىدە

## 65-سوئال: ئىسلام ئايااللارغا قانداق قارايدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى دۇنيادا ئايااللارنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق ئىدى. ئەرەبلەر ئايااللارنى بىر مالغا ئوخشاش كۆرەتتى، بىرى ئۆلسە، خوتۇنلىرى ئەر قېرىنداشلىرىغا مىراس قالاتتى. ئايااللارغا نە ئاتا-ئانىسىنىڭ نە ئېرىنىڭ قالدۇرغان مېلىدىن مىراس بېرىلمەيتتى. ياۋرۇپادا ئايالنى ئىنسانمۇ، ھايۋانمۇ؟ دەپ تالاش-تارتىش قىلىناتتى.[46] ئىسلام كەلگەندىن كېيىن ئايااللارغا ئۆز ۋاقتىدىكى ھېچقانداق دىن ۋە قانۇندا بېرىلمىگەن قىممەت ۋە ئىمتىيازنى بېرىپ، ئۇلارنى ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە قىلدى. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن ئوچۇق كۆرەلەيمىز: «ئايالالىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە

---

46 فرانسىيەدە 673- يىلى ئايااللارنىڭ قانۇنىي خاراكتېرىنى بەلگىلەش ھەققىدە چاقىرىلغان ياۋروپا قۇرۇلتىيىدا، ئايال ئىنسانمۇ ياكى ھايۋانمۇ؟ ئەگەر ئىنسان بولسا، بارلىق ئىنسانىي ھوقۇقلاردىن پايدىلىنامدۇ، ياق؟ دېگەن تېمىدا كەڭ-كۆلەملىك تالاش-تارتىش قىلىنغاندىن كېيىن، ھەممە بىردەك ئايال ئانسان، لېكىن ئىنسانىي ھوقۇقلاردىن پايدىلىنالمايدۇ، دەپ قارا چىقارغان.

ئاياللار ئاياللىرىنىڭمۇ ھەقلىرى بار.»[47] ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاش مىراس ئالالايدۇ: «ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (مىراس) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ئادەم (شەرىئەتتە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ.»[48] ئىبادەتتە ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاش مۇكاپات ئالىدۇ: «ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە كۆڭۈللۈك بىر ھاياتتا ياشىتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلايمىز.»[49]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىغا چۈشكەن دېدەكنى ياخشى ئوقۇتۇپ، تەربىيەلەپ، ئازاد قىلىپ ئاندىن نىكاھىغا ئالغان كىشىگە ئىككى ھەسسە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى،[50] قىزلىرىنى ياخشى تەربىيەلىگەن كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى،[51]

47 سۇرە بەقەرە: 228- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

48 سۇرە نىسا: 7- ئايەت.

49 سۇرە نەھل: 97- ئايەت.

50 بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

51 پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىككى قىزنى بالاغەتكە يەتكۈچە ياخشى باققان كىشى قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىللە كېلىدۇ» دەپ، ئىككى بارمىقىنى بىرلەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن. [مۇسلىم

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى[52] تەكىتلىگەن. ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇسۇلمانلارغا قىلغان ئاخىرقى ۋەسىيىتىدە ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.[53] بۇنىڭدىن باشقىمۇ كۆپلىگەن ئايەت-ھەدىسلەردە ئاياللارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنگەن ۋە ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى تەكىتلەنگەن. قۇرئان كەرىمدە چوڭ بىر سۈرە «ئاياللار سۈرىسى» دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن چوڭ شەرەپ بولامدۇ؟

## 66-سوئال: نېمە ئۈچۈن ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن تەڭ بولىدۇ؟

جاۋاب: بۇنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە سەۋەبلىرى بار. ئەرلەرنىڭ تەبىئىتى قەيسەر، چىدامچان، جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك، ھېسسىياتچانلىق تەرەپتىن ئېغىر ۋە قەتئىيدۇر. ئاياللار جىسمانىي جەھەتتىن نازۇك، زەئىپ، ھېسسىياتچانلىق تەرەپتىن تېز

رىۋايىتى]

52 «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئايالىغا ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىدۇر، مەن ئايالىغا ياخشىلىق قىلىشتا سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلاردۇرمەن.» [ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى]

53 بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ھاياجانلىنىدىغان، شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقى يۇقىرى، كۆيۈمچان بىر تەبىيئەتكە ئېگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىلەر ئەقلىدىن بەكرەك قەلبىدىكى ھېسسىياتى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ھادىسىلەرگە كۆپۈنچە شەپقەت ھېسسىيات بىلەن قاراپ، تەرەپسىز بولالمايدۇ.

گۇۋاھلىق مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھېسسىيات بىلەن ئىش قىلغاندا، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە ئايالنى گۇۋاھلىق بېرىشتە يالغۇز تاشلاپ قويماي، يېنىغا يەنە بىر ئايالنى قوشۇپ، ئىككى ئايال بىر-بىرىنى دەستەكلىگەن، بىرى ھېسسىيات بىلەن ئىش قىلغىلى قوپسا يا ۋەقەنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ۋەقەنى تولۇق بايان قىلالماي قالسا، يەنە بىرى ئۇنى ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئۇنتۇپ قالغان يېرىنى ئېسىگە سالغان ھالدا گۇۋاقلىقنى تولۇقلاشقا بۇيرۇغان.

گۇۋاھلىق ئىشلىرىدا داۋاگەرلەر تەرىپىدىن تەھدىتكە ئۇچراش، خەتەرگە دۇچ كېلىش ئەھۋالىمۇ بار. مەسىلەن بىر ئوغرىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ياكى قاتىلنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن بىر ئايال ئۆزى يالغۇز گۇۋاھلىق بەرسە، تەھدىت ئاستىدا قورقۇپ، ھەقىقەتنى ئېيتالماسلىقى مۇمكىن.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىككى ئايال بىرگە بولسا، بىر-بىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە بەرگەن گۇۋاھلىقى ئىشەنچلىك بولىدۇ.

**67-سوئال: نېمە ئۈچۈن بىر ئايال بىر ئەرنىڭ مىراسىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ؟**

جاۋاب: بۇ مەسىلە ئىسلامدا ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ئەھۋالىغا باغلىق.

1- ئائىلىدە ئومۇمەن ئوغۇل دادىسىنىڭ ئىشىغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ئائىلىنىڭ كىرىمىگە كۈچى بىلەن ھەسسە قوشىدۇ. ئوغۇلغا ئىككى ھەسسە مىراس بەرگەنلىك، ئۇنىڭ قىلغان خىزمىتىنى قەدىرلەشتۇر.

2- ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ھالىتى خوتۇن، قىز، ھەدە-سىڭىل ۋە ئانىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھالەتتىكى ئاياللارنىڭ تۇرمۇش چىقىملىرى پۈتۈنلەي ئۇ ئائىلىدىكى ئەرگە يۈكلەنگەن. ئايالنىڭ پۇلى بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا ئۆز پۇلىنى خەجلەش مەجبۇرىيىتى يوق. ئەگەر ئايال ئەرگە تەگسە، ئېرىدىن مېھرى ھەققى ئالىدۇ. ئەر خوتۇن ئالسا، خوتۇنىغا مېھرى ھەققى بېرىشى، خوتۇنىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىشى، ئەگەر ئاجرىشىپ كەتسە، نەپىقە بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك، ئەرنىڭ

قىزى، ئانىسى ۋە ھەدە-سىڭىللىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىشى لازىم. ئوغۇل ئىككى ھەسسە مىراس ئالغان بىلەن چىقىمى جىق، قىز ئالغان بىر ھەسسە مىراسنى خەژلەشكە مەجبۇر ئەمەس. شۇنىڭ ئۇچۇن ئاللاھ تائالا ئەرنىڭ مىراسىنى ئايالنىڭ مىراسىدىن بىر ھەسسە زىيادە قىلغان. مىراسنىڭ كۆپلىگەن تۇرلىرىدە ئايالالار ئەرلەردىن كۆپ مىراس ئالىدۇ. مەسىلەن:

1- بىراۋ ۋاپات بولغان بولۇپ، بىر قىزى، دادىسى ۋە نىسى قالغان بولسا، قىزى دادىسىدىن قالغان مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، دادىسى ئالدىدىن بىرىنى ئالىدۇ، ئانىسى ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ. يەنى قىز چوڭ دادىسىدىن كۆپ مىراس ئالدى.

2- بىر ئايال ۋاپات بولغان بولۇپ، بىر قىزى ۋە ئېرى قالغان بولسا، قىزى ئانىسىدىن قالغان مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، ئېرى تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ. يەنى قىز دادىسىدىن كۆپ مىراس ئالدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار كۆپتۇر.

**68-سوئال: نېمە ئۈچۈن ئىسلامدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش يولغا قويۇلغان؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن شۇنى تەكىتلەيلىكى، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى ئىسلام ئېلىپ كەلگەن ئەمەس. چۈنكى ئىسلام كەلگەندە مەيلى ئەرەبىستاندا مەيلى باشقا يەرلەردە ئەرلەر خالىغانچە كۆپ خوتۇن ئالاتتى. مەسىلەن: ئۇرۇج ئىبنى مەسئۇد ۋە جەيلان ئىبنى سەلەم مۇسۇلمان بولغاندا، ئون خوتۇنى بار ئىدى. سەففان ئىبنى ئۇمەييە ۋە ھارىس ئىبنى قەيسنىڭ سەككىز خوتۇنى بار ئىدى. يەنى ئىسلام كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى يولغا قويمىدى، خوتۇن ئېلىشنى بىردىن تۆتكە چىقارمىدى، بەلكى مەۋجۇد بولغان كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئادىتىنى تۆتكە چۈشۈردى. ئىسلام كەلگەندە مىسىر قانۇنلىرىدا، بابىل قانۇنلىرىدا، بىراھمان قانۇنلىرىدا، خىتاي قانۇنلىرىدا، رىم قانۇنلىرىدا، گېرمان قانۇنلىرىدا، ھىندىستان قانۇنلىرىدا، گىركلەردە، يەھۇدىلاردا، خرىستىيانلاردا ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسىدە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش بار ئىدى ۋە بۇنىڭ بىر چېكى ۋە سانى يوق ئىدى. خرىستىيانلاردا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تېخى يېقىن زامانغىچە بار بولۇپ، 1890- يىلى چىركاۋ تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان. ئىسلامدىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى ئەيىبلەيدىغان ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا، ھازىرمۇ بىردىن كۆپ خوتۇن بىلەن ياشايدىغان

ئەرلەرنىڭ سانى يۈزدە قىرققا يېتىدۇ. لېكىن ئۇلار بىردىن زىيادە خوتۇننى قانۇنسىز ئاشنا تۇتۇش شەكلىدە ئالىدۇ. تارىختا بىر خوتۇن بىلەن كۆپايلىنىشنى تەۋسىيە قىلغان بىرىنچى كىتاب قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىڭلار، (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۆپايلەنسەڭلار بولىدۇ.»[54] دېمەك، ئىسلام كېلىپ ئەرلەرنىڭ تۆتتىن زىيادە خوتۇن ئېلىشىنى چەكلىدى. بىردىن كۆپ خوتۇن ئالماقچى بولغان ئەرلەرنىڭ خوتۇنلار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇشىنى شەرت قىلدى. ئادالەتلىك بولالماسلىقتىن قورقسا، بىر خوتۇن بىلەن كۆپايلىنىشنى تەۋسىيە قىلدى. يەنە بىر ئايەتتە ئادالەتلىك بولالمايدىغانلىقنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھەر قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا (دىلنىڭ مايىللىقىدا) ئادىللىق قىلىشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى بار ــ يوقنىڭ ئورنىدا) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار، ئەگەر (ئۆزۈڭلارنى) تۈزىسەڭلار ۋە (ئاياللارغا

54 سۈرە نىسا: 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىدۇر.»[55] دېمەك، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش قىلمىسا گۇناھ بولىدىغان بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى ئادالەتلىك بولۇش شەرتى بىلەن بىردىن تۆتقىچە خوتۇن ئېلىش رۇخسەت.

ئىسلامنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلىشىدا، ئۇرۇشلاردا ئەرلەرنىڭ ئۆلۈپ ئاياللارنىڭ ئىگىسىز قېلىشى، جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن كۆپ بولۇپ كېتىشى، ئاياللىنىڭ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئېرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قېلىشى ياكى تۇغماس بولۇپ قېلىشى دېگەندەك، نۇرغۇن ھېكمەتلىرى بار. بۇ ھەقىقەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ساھابە كىراملارنىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولساق ياخشى چۈشىنىمىز. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېنىقلىشىچە، كۆپ خوتۇنلۇق... ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە ساھابىلارنىڭ يۈزدە سەكسەن پىرسەنتىنىڭ بىر خوتۇنلۇق ۋە يۈزدە يىگىرمىسىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

55 سۈرە نىسا: 129- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**69-سوئال: نېمە ئۈچۈن بىر ئەر تۆت خوتۇن ئالالايدۇ، ئايال بىردىن زىيادە ئەرگە تېگەلمەيدۇ؟**

جاۋاب: بىر ئايالنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىردىن زىيادە ئەرگە تېگىشى ساغلام ئىنسان تەبىئىتىگە زىتتۇر. بۇنى بىر نەچچە جەھەتتىن كۆرەيلى:

1- ئايال بىر يىلدا بىر قېتىم ھامىلە بولىدۇ، بىر ئەر بىر يىلدا تۆت خوتۇننى ھامىلە قىلالايدۇ. بۇ ھالەتتە تۆت خوتۇن ئالغان ئەر خوتۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھىمايە قىلىدۇ، ئۇلاردىن تۇغۇلغان بالىلارنى مېنىڭ بالام دەپ ئىگە بولۇپ باقىدۇ. بىر ئايال بىرلا ۋاقىتتا تۆت ئەرگە تەگسە، بىر يىلدا بىرنى تۇغسا، ئۇ بالا قايسى ئېرىنىڭ بالىسى بولىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىغا ھېچكىم ئىگە بولمايدۇ.

2- تۆت ئەر خوتۇن بىلەن ئەينى ۋاقىتتا جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئىستىسە، خوتۇن قايسى ئەرنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرىدۇ؟ ئەرلەر بىر خوتۇننى تالىشىپ سوقۇشۇپ، قان تۆكىدىغان ئىش يۈز بېرىدۇ.

3- بىر ئەر تۆت خوتۇن ئالسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ماددىي-مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قامداپ كېتەلەيدۇ. ئەمما تۆت ئەرلىك بولغان بىر ئايالنىڭ ئەرلىرىنىڭ

خىزمىتىنى ئۆز جايىدا قىلىپ، ئېھتىياجىدىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامدا بىر ئائىلىنىڭ بىردىن كۆپ ئەرگە تېگىشىنىڭ چەكلىنىشى بالىلارنىڭ نەسەبىنى ئېنىق ساقلىغانلىق، ئائىلىگە كۆيۈنگەنلىك ۋە شەپقەت قىلغانلىق ئۈچۈندۇر.

### 70-سوئال: نېمە ئۈچۈن ئائىل ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئائىلە كىچىك بىر دۆلەتكە ئوخشايدۇ. دۆلەتتە پۇقرالارنىڭ رەئىسقا بويسۇنۇشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر پۇقرا رەئىسقا بويسۇنمىسا، دۆلەتتە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ئامانلىق يوقىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئائىلىدە ئەر-خوتۇن ۋە بالىلارنىڭ ھوزۇرلۇق، بەختلىك ھايات كەچۈرىشى ئۈچۈن، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئائىلىنىڭ رەئىسىگە ئىتائەت قىلىشى لازىم بولىدۇ. ئىتائەت قىلىنمىغان يەردە باشتۇقلۇق ۋە ئۆز بېشىمچىلىق باش كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇ ئائىلىدە جېدەل-ماجرا كۆپ بولىدۇ، ھوزۇر بولمايدۇ. ئەر ئائىلىنى قوغدىغان ۋە مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەندۇر. ئائىلە قۇرۇشتىكى ئەسلى غايە يارامىلىق پەرزەنت يېتىشتۈرۈشتۇر. پەرزەنتلەرنىڭ دىنىي

ۋە دۇنياۋىي ئىشلاردا ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلىشى، ھەر تۈرلۈك يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشى دادىسىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئانىسىنىڭ دادىسىغا بويسۇنمىغانلىقىنى كۆرگەن باللار نە دادىسىغا نە ئانىسىغا ئىتائەت قىلمايدۇ. بۇنداق باللار جەمئىيەت دەشقاللىرى بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭ ھەم ئېرىگە بويسۇنۇشى ھەم باللىرىغا دادىسىغا بويسۇنۇشنى ئۆگىتىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئېرىگە بويسۇنغان ئايال ھەم ئۆزى ھوزۇر ئىچىدە كۆڭلى خاتىرجەم ياشايدۇ، ھەم ئېرىنى ۋە باللىرىنى ھوزۇر ئىچىدە ياشىتىدۇ، ھەم باللىرىنىڭ ھۆرمەت ۋە خىزمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

ئېرىگە ئىتائەت قىلىش ئەينى ۋاقىتتا ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايال بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسە، ئۆزىنى نا مەھرەمدىن ساقلىسا ۋە ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ‹جەننەتنىڭ قايسى ئىشىكىدىن خالىسىڭىز كىرىڭ› دېيىلىدۇ».[56]

بىر يەردە ئىشلىگەن ئايال مۇدىرغا ئىتائەت قىلىشنى خورلۇق ھېساپلىمايدۇ، مۇدىر نېمىگە بۇيرۇسا، شۇنى قىلىدۇ، بىر يەرگە بارماقچى بولسا، مۇدىر رۇخسەت قىلسا بارىدۇ،

56 ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس.

رۇخسەت قىلمىسا بارمايدۇ. ئۆيدە ئۆزىنىڭ جۆرىسى ۋە ھىمايىچىسى بولغان ئېرىگە ئىتائەت قىلىشنى خورلۇق دەپ قارىشى ئىنساپسىزلىقتۇر.

ئائىلە قۇرۇش ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىگە مەلۇم ھەق-ھوقۇق بېرىدۇ. ئەرنىڭ ئالى ئۈستىدە، ئايالنىڭ ئېرى ئۈستىدە ھەقلىرى بولغاندەك، ھەر ئىككىسىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىمۇ بار. ئۆينىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئۆينىڭ ئىچىدىكى يېمەك-ئىچمەك ۋە تازىلىقتا ئوخشاش ئىشلار ئايالنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. ئائىلە مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش بىلەن داۋاملىشىدىغان بىر ئورتاقلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر-خوتۇنلار مېنىڭ مۇنداق ھەققىم بار، ئانى قىلىمەن، مانى قىلمايمەن، دەپ بىر-بىرىگە شىركەت ئورتاقلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى توغرا ئەمەس. ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە كەڭ قورساقلىق ۋە پىداكارلىق بىلەن كۆيۈنۈش دائىرىسىدە مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى لازىم بولغان ئىكەن، ئەرنىڭمۇ ئايالىغا كۆيۈنىشى، ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنى كەلسە-كەلمەس ئۇرۇپ-تىللىماسلىقى، كەڭ قورساق ۋە كەچۈرۈمچان بولۇشى لازىمدۇر.

**71-سوئال: قۇرئاندىكى «خوتۇنۇڭلارنى ئۇرۇڭلار» دېگەن ئايەتنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن شۇنى بىلىش لازىمكى، يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئائىلە كىچىك بىر دۆلەتتۇر. ئۇنى ئىدارە قىلىپ باشقۇرۇش ئەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئائىلە باشلىقىنى ھۆرمەتلەپ بويسۇنۇش ئايالنىڭ مەسئۇلىيىتى. ھەر ئىككىسى مەسئۇلىيىتىنى توغرا ئادا قىلسا، ئائىلىدە ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە بەخت-سائادەت بولىدۇ. ئەگەر ئايال ئېرىگە چوڭچىلىق قىلىش، ئېرىگە ئىتائەت قىلماسلىق، باشقا ئەرلەرگە كۆز سېلىش، ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىق قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا، ئەر كىشى بۇ خوتۇنغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈڭلارغا بوي ئەگمەسلىكىدىن (ئىبارەت) سىلەر ئەنسىرەيدىغان (ئىش كۆرۈلگەن) ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۇنۇم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۇنۇم بەرمىسە) ئۇلارنى (ئەدەپلەش ئۇچۇن يەڭگىل) ئۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇلار سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇستۇندۇر، بۈيۈكتۇر.»[57]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا

---

57 سۈرە نىسا: 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تېگىشلىك ئايالنىڭ قانداق ئايال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئاياللار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار (يەنى ئايالدارغا زۇلۇم قىلماڭلار)، چۈنكى سىلەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار (يەنى ئۇلارنى خۇددى ئامانەتنى ئاسرىغاندەك، ئاسراڭلار)؛ ئۇلارنى ئاللاھنىڭ سۆزى (يەنى نىكاھ) بىلەن ئۆزۈڭلارغا ھالال قىلدىڭلار. سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىڭلار سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا سىلەر يامان كۆرىدىغان كىشىنى كىرگۈزمەسلىكىدۇر. ئەگەر شۇنداق قىلسا (يەنى سىلەر يامان كۆرىدىغان كىشىنى ئۆيۈڭلارغا كىرگۈزسە)، ئۇلارنى يەڭگىل ئۇرۇڭلار. ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى: نورمال بىر شەكىلدە ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچىكىنى بېرىشتۇر».[58]

دېمەك، ئېرىگە چوڭچىلىق قىلىپ ئىتائەت قىلمايدىغان، باشقا ئەرلەرگە كۆز سالىدىغان، ئېرى يامان كۆرگەن كىشىلەرنى ئۆيىگە كىرگۈزىدىغان ئايالنى تەربىيەلەش ئۇسۇلى مۇنداق:

1- ئۇنىڭغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىش، بۇ ئىشىنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇتۇش لازىم. بۇنىڭ بىلەن ئايال تۈزۈلۈپ قالسا، ئۇلارنى

58 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بوزەك قىلىپ قوپاللىق قىلىشقا بولمايدۇ.

2- ئەگەر يۇقىرىدىكى نەسىھەت بىلەن تۈزەلمەستىن، يەنە يامان قىلىقنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇنى ياتاقتا يالغۇز قويۇش لازىم. يەنى ئەر بۇ خوتۇننى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە يالغۇز ياتقۇزىدۇ. بىر نەچچە كۈن شۇنداق قىلغاندىن كېيىن ئايال پۇشايمان قىلىپ تۈزەلسە، ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق ئۆتۈشى لازىم.

3- ئەگەر ئايال يەنە تۈزەلمىسە، بۇ چاغدا ئۇنى ئەدەپلەش، يامان قىلىقنى تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇرۇشنىڭ چەك-چېگرىسى بار. ئۇ بولسىمۇ يۈزگە ئۇرماسلىق، قاتتىق ئۇرۇپ بىر يەرلىرىنى زەخىملەندۈرمەسلىكتۇر. يەڭگىل ئۇرۇش دېگەن مانا مۇشۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتەيلىكى، بۇ ئايەتتىن مۇشۇ ئۈچخىل چارىدىن باشقا چارە قوللىنىشقا بولمايدۇ ياكى مۇشۇ ئىشلارنى قىلىش قەتئىي پەرز، دېگەن ھۆكۈم چىقمايدۇ. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئەرلەرگە ئۆزگە ئىتائەت قىلمىغان ئاياللارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئۈچ چارە سۇندى، ئەڭ ئاخىرقى چارىنى ئۇرۇش قىلدى، مەسىلىنى ئۇرماستىن ھەل قىلالىسا، ئۇرمىغان ياخشى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچبىر ئايالىنى ئۇرغان ئەمەس.

**72-سوئال: ئىسلام پاكىزلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان تۇرسا، نىمە ئۈچۈن ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىشى ۋە ئەتىر ئىشلىتىشىنى مەنئى قىلىدۇ؟**

جاۋاب: ئىسلام چىرايلىق ۋە پاكىزە كىيىنىشنى ئەر-ئايال پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (پاكىز ۋە) چىرايلىق كىيىنىڭلار..»[59] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن چىقىرىپ بەرگەن زىننەتلەرنى، شىرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟..»[60] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن پاكلانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ..»[61] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىنى ياخشى كۆرىدۇ..»[62] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پاكلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر..»[63] دېمەك، ئىسلام مۇسۇلمانلارنى ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن بەدەنلىرىنى، كىيىم-كېچەكلىرىنى پاك تۇتۇشقا ۋە چىرايلىق، يارىشىملىق كىيىنىشكە تەرغىب قىلىدۇ.

---

59 سۈرە ئەئراف، 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

60 سۈرە ئەئراف، 32 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

61 سۈرە بەقەرە، 222- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

62 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

63 ئىمام مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.

ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىشى ۋە خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى ئىشلىتىشىگە كەلسەك، ئاياللار ئۆيىدە ئېرىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان گىرىملارنى قىلسا، ئېرى ياخشى كۆرىدىغان چىرايلىق پۇرايدىغان ئەتىرلەرنى ئىشلەتسە بولىدۇ. بەلكى شۇنداق قىلىشى زۆرۈردۇر. شۇنىڭدەك ئەرلەرمۇ ئايالىغا چىرايلىق كۆرۈنۈشى ۋە ئۇلارغا ياقىدىغان خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى ئىشلىتىشى لازىم. بۇنداق قىلىش ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋە سۆيگۈنى ئاشۇرىدۇ، بىر-بىرىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ؛ سىرتتا نامەھرەملەرگە قارىمايدۇ.

ئەمما ئايال كىشىنىڭ يات ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ، يۈزلىرىگە گىرىم قىلىپ، ئەتىرلەرنى چېچىپ كوچىغا چىقىشى هارامدۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش كوچىدا يات ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىشىغا ۋە ھەرخىل سەت چاخچاقلارنى قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىق ۋە بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىدۇ، ئېرى بىلەن بولغان ئالاقىسى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىز بالاغەتكە يەتكەندىن تارتىپ، كوچىغا چىققاندا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان، ساددا ۋە ئازادە كىيىم كىيىشى،

يۈزىگە گىرىم قىلماسلىقى ۋە يېنىدىن ئۆتكەن ئادەمگە پۇرايدىغان ئەتىرلەرنى ئىشلەتمەسلىكى لازىم. بۇنداق قىلىشى ھەم ئۆزىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى ساقلايدۇ، ھەم يامان نىيەتلىك ئەرلەرنىڭ چېقىلىشىدىن ساقلىنىدۇ ھەمدە جەمئىيەتنىڭ سالىھ بولۇشىغا ھەسسە قوشىدۇ. بىزدە «شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئاياللار يات ئەرلەرنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىدىغان شەكىلدە ياسىنىپ، بەدىنىگە ئەتىرلەرنى چېچىپ كوچىغا چىقسا، ئۇنى كۆرگەن ئەرلەرنىڭ كۆڭلىگە ھەرخىل يامان ئويلار كېلىدۇ، بۇنى كۆرگەن شەيتان تېخىمۇ پۇدەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇزغۇنچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. شۇڭا ئىسلامدا ئاياللارنى سىرتقا چىققاندا ھىجابلىنىپ، دىققەت تارتمايدىغان قىياپەتتە چىقىشنى بۇيرۇيدۇ.

# پىكىر ئەركىنلىكى ھەققىدە

## 73-سوئال: ئىسلامدا پىكىر ئەركىنلىكى بارمۇ؟

جاۋاب: ئىسلام ئىنسانلارغا پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى بېرىپلا قالماستىن، ئەقلىنى ئىشلىتىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلاشقا چاقىرغان، باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىكنى تەشەببۇس قىلغان ھەق دىندۇر. قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنى ئەقلىنى ئىشلىتىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشكە چاقىرغان كۆپلىگەن ئايەت بار. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلارنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ (ۋە مۇنداق دەيدۇ:) «ئى رەببىمىز! سەن بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ...»[64] ئاللاھ تائالا ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىم ئېيتتى: <سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئۆزۈڭلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟

64 سۈرە ئال ئىمران: 191- ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمى.

ئىسىت! سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا! سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟>.»[65]

ئاللاھ تائالا ئىنسانغا تەپەككۇر قىلىدىغان، ئويلايدىغان، توغرا بىلەن ناتوغرىنى سېلىشتۇرۇپ توغرىنى تېپىپ شۇ يولدا مېڭىش ئۈچۈن ئەقىل بەرگەن. ئىنسان ئەقلى بىلەن باشقا ھايۋاناتلاردىن ئايرىلىدۇ ۋە بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام پىكىر ئەركىنلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن، پىكىر يۈرگۈزمىگەنلەرنى ئەيىبلەيدۇ.

## 74-سوئال: ئىسلامدا پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى بولسا، پىكرىنى بايان قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بارمۇ؟

جاۋاب: ئىسلامدا پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى بار. لېكىن جەمئىيەتتە ھەر نەرسىنىڭ بىر ئۆلچىمى ۋە چېكى باردۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەركىنلىكنىڭمۇ چېكى ۋە ئۆلچىمى بار. ئەگەر جەمئىيەتتە ھەركىشى توغرا-خاتانى پەرقلەندۈرمەستىن، پىكرىنىڭ باشقىلارغا زەرەر بېرىپ-بەرمەيدىغانلىقىنى ئويلىماستىن كالللىسىغا كەلگەننى

65 سۈرە ئەنبىيا: 66-، 67- ئايەتلەر.

سۆزلەيدىغان ۋە يازىدىغان ئىش بولسا، جەمئىيەتتە پىتنە، جېدەل-ماجىرا ئەۋج ئالىدۇ؛ تىنچلىق-ئامانلىق، بىر-بىرىگە ھۆرمەت ۋە قېرىنداشلىق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ چەك-چېگرىسىنىمۇ بەلگىلىگەن. پىكىر بايان قىلىشنىڭ ئۆلچىمى كاللىسىغا كەلگەن ئوي پىكىرلەرنى ياخشى ئانالىز قىلىپ، ئەقلىنى ئىشلىتىپ توغرا پىكىرنى تېپىپ چىقىپ ئاندىن بايان قىلىشتۇر. ئۇنىڭ چەك-چېگرىسى: پىكرىنى بايان قىلغاندا، شەخسلەرگە، دىنغا، جەمئىيەتلەرگە ھاقارەت قىلماسلىق، بوھتان چاپلىماسلىق، پىتنە پەيدا قىلماسلىق، ئىشلارنىڭ تېگى-تەكتىنى تەكشۈرۈپ بىلمەستىن پىكىر بايان قىلماسلىقتۇر. چۈنكى پىكىر بايان قىلدىم، دەپ باشقىلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا چېقىلىش، يۈز ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش، تۆھمەت چاپلاش، ئىنسانلار مۇقەددەس دەپ بىلىدىغان دىن، كىتاب ۋە پەيغەمبەرگە ھاقارەت قىلىش پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە چېقىلغانلىق بولىدۇ. مۇشۇ ئۆلچەملەرگە رىئايە قىلىش شەرتى بىلەن ھەر كىشىنىڭ پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى بار.

## 75-سوئال: ئىنسان كۆڭلىگە كەچكەن يامان ئويلاردىن جاۋاپكارلىققا تارتىلامدۇ؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ كۆڭلىگە ياخشى-يامان ھەر تۈرلۈك ئوي پىكىر كېلىدۇ، بۇنىڭدىن كۆڭلىنى-دىلىنى توسوپ قېلىش قولىدىن كەلمەيدۇ. دىنىمىزدا كىشى قولىدا بولمىغان نەرسىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلىگە كەچكەن يامان ئوي-پىكىرلەرنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرمىسا، ئۇ پىكىر سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ ۋە جازالانمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم بىر ياخشىلىقنى ئويلاپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرمىسا، بىر ساۋاب يېزىلىدۇ. كىم بىر ياخشىلىقنى ئويلاپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، ئەڭ ئاز ئون ساۋاب يېزىلىدۇ. كىم بىر يامانلىقنى ئويلاپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرمىسا، بىر ساۋاب يېزىلىدۇ. كىم بىر يامانلىقنى ئويلاپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، بىر گۇناھ يېزىلىدۇ.»[66]

66 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**76-سوئال: ئىنسان جاۋاپكارلىققا تارتىلىدىغان ئىشلار قايسى؟**

جاۋاب: ئىنساندىن سادىر بولىدىغان ئىشلار ئىككى قىسىم بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا بولمىغان ئىشلار. ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشى، دۇنيادىن كېتىشى، بويىنىڭ ئېگىز-پەس بولۇشى، رەڭگىنىڭ قانداق بولۇشى، ئىچ ئەزالىرىنىڭ ئىشلىشى ۋە باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا قىلغان ئىشلارغا ئوخشاش. بۇنداق ئىشلاردىن ئىنسان جاۋاپكارلىققا تارتىلمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار ئىنساننىڭ هۆر ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى بىلەن بولغان ئىش ئەمەس.

ئىككىنچى، ئىنسان ئۆز ئىرادىسى بىلەن خالاپ قىلغان ئىشلار. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا تەپەككۇر قىلىش، هەق بىلەن باتىلنى، پايدا بىلەن زىياننى ئايرىش ئىقتىدارى ۋە ئۆزى خالىغان ئىشنى تاللاپ قىلىش ئەركىنلىكى بەرگەن. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا هەقنى تونۇتۇپ ئۇنىڭغا چاقىرىش، باتىلنى تونۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئاگاهلاندۇرۇش ئۈچۈن هەر مىللەتكە ئۆز ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ۋە ئۇلارغا يول كۆرسىتىدىغان كىتابلارنى چۈشۈرگەن. ئىنسانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يا ئۇنى

قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولىدۇ ياكى رەت قىلىپ كاپىرلىقنى تاللايدۇ. پۈتكۈل ئىنسانلار مانا مۇشۇ تاللىشىدىن جاۋابكاردۇر. ئىماننى تاللىسا ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا، كۇپرىنى تاللىسا ئۇنىڭ جازاسىغا ھەقلىق بولىدۇ. ھېچكىمگە قىلچىلىك ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئىماننى تاللاپ مۇسۇلمان بولغانلار ئىسلامدا بۇيرۇلغانلارنى قىلىش، چەكلەنگەنلەردىن يېنىشقا بۇيرۇلىدۇ. مۇسۇلمانلار مۇشۇ قىلىش-قىلماسلىق ئىشلىرىدىن جاۋابكار بولىدۇ. ئىسلامدا بۇيرۇلغان ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار ھەسسىلەپ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، بۇ ئىشلارنى قىلمىغانلار ياكى چەكلىگەن ئىشنى قىلغانلار گۇناھىغا چۇشلۇق جازاغا ھەقلىق بولىدۇ. تەۋبە قىلىپ گۇناھىدىن يېنىپ، ئۆزىنى تۈزەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى كەچۈرۈپ، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.»[67]

دېمەك، بىز ئىگە بولغان تاللاش ئەركىنلىكى ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن كاتتا نېمەت بولغانلىقىنى بىلەيلى ۋە ئىرادىمىزنى ياخشى ئىشلارنى تاللاشقا ئىشلىتەيلى. شۇنداق قىلساق، ئاخىرىدا سۆيۈندۈرىدىغان مۇكاپاتقا

67 سۇرە زەلزەلە: 7-، 8- ئايەتلەر.

ئېرىشىدىغانلار بىز بولىمىز. ئەكسىچە ئىرادىمىزنى يامان يولنى تاللاشقا ئىشلەتسەك، ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ھالاكەتكە تاشلىغان بولىمىز.

# شەيتان ھەققىدە

## 77-سوئال: شەيتان پەرىشتىمۇ، ياكى جىنمۇ؟

جاۋاب: بۇنىڭغا قۇرئان كەرىم ئېنىق جاۋاب بېرىدۇ. شەيتاننىڭ ئەسلى ئىسمى ئىبلىس بولۇپ، جىنلاردىن ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ شەيتان بولۇپ كەتكەن. «ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەببىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى»[68]. شەيتاننى بىز كۆرەلمەيمىز، ئۇ بىزنى كۆرىدۇ. «شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر»[69]. شەيتان قىيامەتكىچە ئۇمۇر كۆرىدۇ. «ئىبلىس: «ماڭا كىشىلەر تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە مۆھلەت بەرگىن» دېدى. ئاللاھ: «سەن چوقۇم مۆھلەت بېرىلگۈچىلەردىنسەن» دېدى»[70]. شەيتان ئىنساننىڭ ئەبەدى دۈشمىنى. «ئى

68 سۈرە كەھف: 50- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

69 سۈرە ئەئراف: 27- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

70 سۈرە ئەئراف: 14-، 15- ئايەتلەر.

ئادەم بالىلىرى! (مەن) سىلەرگە: «شەيتانغا چوقۇنماڭلار (يەنى بويسۇنماڭلار)، چۈنكى ئۇ سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر، دەپ بۇيرىمىدىممۇ؟»[71].

**78-سوئال: شەيتان ئىنسانلار گۇناھلىرىنى يۈكلەش ئۈچۈن ئويدۇرغان بىر ئەپسانە ئەمەسمۇ؟ شەيتاننىڭ بارلىقىنىڭ ئەقلىي دەلىلى نېمە؟**

جاۋاب: بۇنىڭغا ئەڭ ئاددى مەنتىقىي جاۋاب بەرسەك، بىز يۇقىرىدا ئىسلامنىڭ ھەق دىن ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى دەلىل-پاكىتلىرى بىلەن بايان قىلدۇق. ئىسلام ھەق دىن، قۇرئان ھەق كىتاب بولغان ئىكەن، ئۇ بايان قىلغان ھەممە نەرسە ھەقتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن قۇرئان شەيتان بار، دېگەن ئىكەن ئۇنىڭ بارلىقى ھەقتۇر. يەنى ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ئەينى ۋاقىتتا شەيتاننىڭ بارلىقىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھەم ئۆزىمىزگە ھەم ئەتراپىمىزغا قارىغىنىمىزدا شەيتاننىڭ بارلىقىنى ئوچۇق بىر شەكىلدە بىلەلەيمىز. مەسىلەن: ئويلاپ بېقىڭ، ئەتراپىدىكىلەرگە

71 سۈرە ياسىن: 60- ئايەت.

زىيان ئۇرىدىغان، كىشىلەرنى ئالدايدىغان ساختىپەز، يالغان سۆزلەيدىغان، ياكى كىشىلەرگە بوھتان چاپلايدىغان، غەيۋەت قىلىدىغان، مىللەتنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىدىغان پىتنىخور، ياكى ئۇنلارچە كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان بىر قاتىل ۋە زالىم ئادەمنىڭ بەش ياشلىق ۋاقتىغا قارىسىڭىز ئۇ شۇنداق مەسۇم، گۇناھسىز بولۇپ، ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزۈشنى ئويلىمايدۇ. ئۇنىڭغا قاراپ بۇ ئادەم ئاشۇ مەسۇم بالا ئەمەسمىدى؟ قانداق بولۇپ بۇنداق يامان ئادەم بولۇپ قالغاندۇ؟ دەپ قالىسىز. دېمەك، ئۇ مەسۇم بالىنىڭ بۇ ھالغا كېلىشى ئۈچۈن، ئارقىدا ئۇنى يامانلىققا تەشۋىق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا گۇناھلارنى پەردەزلاپ يوللۇق كۆرسىتىدىغان ۋە گۇناھ قىلدۇرۇشقا ئۈرۈندىغان بىرى بولۇشى لازىم. دېمەك، ئارقىدا بۇنى قىلغان شەيتاندۇر. بىر مىسال بىرەيلى، شەيتان ئىنساننى ئېچىدىن قانداق ئالدايدۇ؟ مەسىلەن: شەيتان كۆڭلىڭىزگە: باشلىق سىزنىڭ ھەققىڭنى تولۇق بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ بۇ پۇلنى ئېلىشىڭ پارا (رۇشۋەت) ئالغانلىق بولمايدۇ. بەلكى ئۆزۈڭنىڭ ھەققىنى ئالغان بولىسەن، دەيدۇ. مۇشۇنداق مەنتىقلىق ھىيلىلەر ئارقىلىق يامان ئىشنى قىلدۇرۇشقا ئۈرىنىدۇ. ئىنساننىڭ گۇناھ قىلىشى مۇشۇنداق ئالدىنىش بىلەن بولىدۇ.

يەنە بىرى، كىشى دوزاخنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تۇرۇپ گۇناھ قىلىدۇ. ئەسلىدە دوزاخقا ئىشىنىدىغان بىر كىشىنىڭ گۇناھ قىلماسلىقى لازىم. ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ قىلغىنىغا قارىغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن ئالدانغان بولىدۇ. ئۇنى ئالدىغان كىم؟ ئۇ شەيتاندۇر.

بۇنىڭدىن باشقا ھەر كۈنى قانچە قېتىم ۋەسۋەسەگە ئالدىنىپ سادىر قىلىنغان ۋەقەلەرنى كۆرىمىز. قارىسىڭىز ئىنسان ئويلاشنى خالىمايدىغان نەرسىلەرنى ئويلايدۇ؛ ئەقلىگە كەلتۈرۈشنىمۇ خالىمايدىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىدۇ. دېمەك، كىشى ئۇ ئىشنى قىلىشنى خالىمىسا، ئارقىدا ئۇنىڭغا ئۇ ئىشنى قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنغان بىرىنىڭ بولۇشى لازىم. بىرىنىڭ ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىشى لازىم. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن ئەقلىي يەكۈنلەر بىلەن شەيتانىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ.

## 79سوئال: ئاللاھ ئىنساننى ئازدۇرىدىغان شەيتاننى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن شەيتان ياراتمىدى. ئۇ ئەسلى ئىسمى ئىبلىس بولۇپ، پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان سالىھ بەندە ئىدى. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، پەرىشتىلەرنى ۋە ئىبلىسنى ئادەمنى ھۆرمەتلەپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا، بارلىق پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداپ سەجدە قىلدى. ئىبلىس مەن ئادەمدىن ئۈستۈن، مەن ئۇنىڭغا سەجدە قىلمايمەن، دەپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: «مەن سېنى ئادەمگە سەجدە قىلغىن، دەپ بۇيرۇسام، نېمىشقا سەجدە قىلمايسەن؟» دېگەندە، ئىبلىس: «چۈنكى سەن مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى تۇپراقتىن ياراتتىڭ، مەن ئۇنىڭدىن ئۈستۈن، شۇڭا ئۇنىڭغا سەجدە قىلمايمەن» دەپ بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى رەھمىتىدىن مەڭگۈ قوغلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەيتان (قوغلاندى) بولدى. شەيتان ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىغا تەۋبە قىلىپ كەچۈرۈم سورىماستىن، ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن شەيتان بولدۇم، ئەمدى مەن ئادەمگە ۋە ئەۋلادىغا قىيامەت كۈنىگىچە دۈشمەن بولىمەن، ئۇلارنى

ئۆزەمگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلاندى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمەن، دەپ ئاللاھتىن قىيامەتكىچە ھايات قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇنى ھايات قالدۇردى. شۇڭا ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەبەدى دۈشمىنىدۇر. ئۇ ئىنسانلارنى يولدىن چىقىرىپ، ھەر تۈرلۈك يامان-گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

**80-سوئال: ئاللاھ گۇناھ ئىشلارنى ھارام قىلىپ، چەكلىگەن ئىكەن، نېمە ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپ ئۇ گۇناھلارنى قىلدۇرىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ؟**

جاۋاب: ئەسلىدە ئىنسانغا شەيتانغا ئالدانماسلىق، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسەلىرىنى رەت قىلىش قابىلىيىتى بېرىلگەن. ئىنسانلارغا نېمىلەرنىڭ گۇناھ-يامان ئىش ئىكەنلىكى، شەيتاننىڭ دۈشمەنلىكى، ھىلە-مىكىرلىرى ۋە ئىنساننى ئالداپ گۇناھ قىلدۇرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. ئىنسانغا ئىرادە بېرىلگەن. شەيتان ھېچقانداق بىر شەكىلدە ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى قولىدىن ئالالمايدۇ.

شەيتاننىڭ ئىنسانلارنى گۇناھ ئىشلارغا قىزىقتۇرۇشى، يامان ئىشنى ياخشى كۆرسىتىپ ئالدىشى نۇرغۇنلىغان ياخشى،

سالىھ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بىر مىسال كەلتۈرەيلى. بىر مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىمتىھان ئالغاندا، ھەر سوئالنىڭ ئاستىغا تۆت ياكى بەش جاۋاب قويىدۇ، بىرى توغرا قالغانلىرى خاتا. مۇئەللىمنىڭ خاتا جاۋابلارنى قويۇشتىن مەقسىدى، ئوقۇغۇچىلارنى ئالداپ خاتا جاۋاب بەرگۈزۈپ ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمەسلىكمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ مەقسىدى خاتا جاۋابلارنىڭ ئارىسىدىن توغرا جاۋابنى تېپىپ چىقالايدىغان، دەرسىنى ياخشى مۇزاكىرە قىلغان سۈپەتلىك ئوقۇغۇچىلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتۇر. ئەگەر بىرلا توغرا جاۋابنى قويسا، بارلىق ئوقۇغۇچىلار توغرا جاۋاب بەرگەن بولىدۇ، ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچى بىلەن ناچار ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىنىڭ پەرقى بولمايدۇ. بۇ ئەھۋالدا ياخشىلارمۇ ناچارلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ شەيتاننىڭ ئىنساننى ئازدۇرۇشىغا يول قويۇشىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بەندىلەرنىڭ ئىچىدىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسەلىرىگە ئالدانمايدىغان، ئۇنىڭغا قۇلاق سالماي ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان ئالىي سۈپەتلىك كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى ئىنساننىڭ ئىچىدىكى تالانتى ۋە قابىلىيىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ئادالەت سىمۋولى

زاتلارنىڭ، كاتتا ئالىملارنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ ۋە ئاللاھ يولىدا ئۆزىنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ چىقىشى شەيتاننىڭ ئۇلارنى گۇناھ قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى ۋە ئۇلارنىڭ شەيتانغا قارشى ئىرادىسىنى ئىشقا سېلىشى بىلەن بولغاندۇر. پەرىشتىلەرگە قارىغان ۋاقتىمىزدا ئۇلاردا شەيتان بىلەن مۇجادىلە قىلىدىغان ئىش يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرىشتىلەرنىڭ مەرتىۋىسى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى شەيتان ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنمايدۇ. بىزگە قارىغان ۋاقتىمىزدا شەيتان ئۇزلۇكسىز بىزنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بىز شەيتانغا قۇلاق سالمىغان ۋاقتىمىزدا ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشتىكى سۈپىتىمىزنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولىمىز. بۇ سۈپەت بىلەن بەزى پەرىشتىلەردىن يۇقىرى ماقامغا چىقالايمىز.

ئەكسىنى ئويلاپ باقايلى، شەيتان بولمىسۇن ياكى ئىنسانلارنى ئازدۇرمىسۇن، ئۇ چاغدا ئۇنداق ئالىي سۈپەتلىك كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياخشى سۈپەتلىك كىشىلەر بىلەن ناچار، ئەسكى ئىنسانلار ئايرىلمايدۇ ۋە ياخشى كىشىلەرگە ھەقسىزلىق قىلىنغان بولىدۇ. دېمەك، شەيتاننىڭ ئىنساننى ئازدۇرۇشىغا يول قويۇلۇشى ۋە گۇناھ ئىشلارنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ھەقىقەتتە ئىنسانلار ئۈچۈن سىناقتۇر.

**81-سوئال: ئىنساننى ئازدۇرغان نەرسە نەپس بولالامدۇ؟ يەنى گۇناھلارنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئەمەس، نەپسنىڭ ئارزۇ ۋە ئېھتىياجلىرى سەۋەبلىك قىلغان بولامدۇ؟**

جاۋاب: نەپس بىلەن شەيتاننى ئايرىش لازىم. چۈنكى نەپس ئەقلى بار بىر نەرسە ئەمەس. ئەسلىدە شەيتان نەپسنىڭ رەھبىرى. نەپسنىڭ شەھۋانىي ئارزۇلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا مايىل بولىدۇ. لېكىن شەيتان گۇناھلارنى چىرايلىق كۆرسىتىش ۋە ئەقلىگە ئۇيغۇن باھانىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئىنساننى ئالدايدۇ. مۇنداق قىلساڭ، بۇ خاپىلىقتىن قۇتۇلىسەن، مۇنداق قىلساڭ، گۇناھ بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزەڭنى قۇتۇلدۇرىسەن، كېيىن تەۋبە قىلىۋالساڭ بولمىدىمۇ؟ دەپ يوللۇق باھانەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق گۇناھ قىلغۇزىدۇ. نەپسنى يېڭىش ئاسان، ئۇنىڭ ئىستەكلىرىنى ئورۇنلىمىساڭ، مەغلۇب بولىدۇ. شەيتان ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سېنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن مىڭ بىر تۈرلۈك ھىيلە ۋە ۋەسۋەسەلەرنى ئىشقا سالىدۇ. مەسىلەن: ھاراق ھارام. ھاراق ئىچكەن قايسىبىر مۇسۇلمانغا سورىسىڭىز ئەسلىدە ئۇنى ئىچىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن نەپس ھاراق ئىچكەن ئىنسانلارغا قاراپ، ئۇنى ئىچىشنى ئارزۇ قىلىدۇ

ۋە ئىستەيدۇ. لېكىن كىشى بۇ هارام، ئۇنى ئىچسەم گۇناهكار بولىمەن، ئىچمەسلىكىم كېرەك دېسە، نەپس توختايدۇ. بۇ يەردە شەيتان رول ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا هاراق ئىچىشنىڭ يوللۇق باهانىلىرىنى كۆرسىتىش، مەس قىلمۇغىچىلىك ئىچسەڭ بىر نەرسە بولمايدۇ، بىر قېتىم ئىچىپ قويغانغا نېمە بولىدۇ؟ دەپ ئىنسانىنى ئالداشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋەسۋەسەلىرىگە ئالدىنىپ هاراق ئىچىدۇ. دېمەك، ئىنساننى ئالداپ گۇناه قىلغۇزغان شەيتاندۇر. شۇڭا شەيتان بىلەن نەپسنى ئايرىپ چۈشىنىش لازىم.

## 82-سوئال: شەيتان ئوتتىن يارىتىلغان بولسا، دوزاختىكى ئوت ئۇنى قانداق كۆيدۈرىدۇ؟

جاۋاب: ئوتتىن يارىتىلىش باشقا، ئوت بولۇش باشقا. مەسىلەن: ئىنسان تۇپراقتىن يارىتىلدى، لېكىن ئىنسان تۇپراق ئەمەس. شۇڭا مەن سىزگە چالما ئاتسام، ئۇ چالما بىر يېرىڭىزگە تەگسە ئاغرىيدۇ. شەيتانمۇ ئوتتىن يارىتىلغان، لېكىن ئۇ ئوت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيتاننىڭ دوزاخقا كىرىپ كۆيۈشى ۋە ئازاب تارتىشىغا هېچقانداق بىر توسالغۇ يوق.

يەنە كېلىپ دوزاختىكى ئازاب پەقەت

كۆيدۈرۈشتىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى دوزاختا تۈرلۈك-تۈرلۈك ئازاب بار. يەنى شەيتان جازاسىنى مۇتلەق تارتىدۇ.

## 83-سوئال: شەيتان ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ سەجدە قىلمايدۇ؟!

جاۋاب: ئەسلىدە شەيتان ئادەمگە سەجدە قىلماسلىق ۋەقەسىدىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان بىرى ئىدى. لېكىن بىر كىشى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋەيا ئىلمىي ساھەدە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىۋاتقان بىر پەيتتە ئەگەر دىققەت قىلمىسا، ئۇنىڭ ئىلمى ياكى ئىبادەتلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە بىر كىبىرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. شەيتان دىققەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن قەلبىدە چوڭ بىر كىبىر پەيدا بولغان. ئاللاھ تائالا ئۇنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇ قەلبىدىكى كىبىر سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشتىن باش تارتقان. ئۇنىڭ كىبىرى شۇنچىلىك چوڭقايغانكى، ئاللاھ نېمىشكە سەجدە قىلمىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۆزىنى ھەقلىق كۆرسىتىپ، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ، مەن

ئۇنىڭدىن ئۇستۇن تۇرسام، قانداق ئۇنىڭغا سەجدە قىلىمەن؟ دېگەن. بۇنىڭ مەنىسى، مەن ئاللاھتىن ياخشىراق بىلىمەن، دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى شەيتان ئاللاھقا ئىشىنىپ تۇرۇپ سەجدە قىلمىدى. بىزمۇ مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئاللاھقا ئىشىنىمىز. ئاللاھ شەيتاننى سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى، بىزنىمۇ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇپ نامازنى پەرز قىلدى. بىزدىنمۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇمايدىغانلار بار. يەنى بۇ سوئالنى سورىغان كىشى ئاللاھقا ئىشەنگەن تۇرۇقلۇق ناماز ئوقۇمىسا، بۇ سوئالنى ئۆزىگە سورۇشى كېرەك.

## 84-سوئال: سەجدە يالغۇز ئاللاھقا قىلىنىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ئادەمگە سەجدە قىلىشنى بۇيرۇيدۇ؟

جاۋاب: بۇ يەردىكى سەجدىنى ئىبادەت سەجدىسى دەپ چۈشەنمەسلىك لازىم. سەجدە قىلىشنى بۇيرۇغان ئاللاھ تائالا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداشنىڭ ئۆزى ئىبادەت. بۇنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ مەسىلەن: بىز ھازىر ناماز ئوقۇغاندا قىبلە بولغان كەبىگە يۈزلىنىمىز. رۇكۇ، سەجدە قىلغاندا كەبىگە سەجدە قىلغان بولامدىمىز؟ ياق، ئاللاھ تائالا

بىزنى كەبىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى ۋە ئۇ يەرگە قاراپ قىلغان رۇكۇ، سەجدىنى بىۋاستە ئۆزىگە قىلىنغان ئىبادەت دەپ قوبۇل قىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ پۈتكۈل پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ سەجدە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا چوقۇنۇش ئەمەس، ئاللاھقا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش بولۇپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتۇر.

## 85-سوئال: شەيتان بىزنى ئالداپ گۇناھ قىلغۇزىدۇ، شەيتاننى كىم ئالدايدۇ؟

جاۋاب: شەيتاننى ئالدىغان ئۇنىڭ ئۇچچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكى ۋە يوغىناپ كەتكەن كىبىرىدۇر. شەيتان كىبىردە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئىنسانلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئېشىپ، نەپسى يوغىناپ كەتكەندە، نورمال ئىشلار ئۇنىڭغا نورمال كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش شەيتانغىمۇ قاتتىق تەكەببۇرلۇقى سەۋەبى بىلەن «سەجدە» بۇيرۇقى نورمال تۇيۇلمىغان ۋە ئادەمگە سەجدە قىلىش ئۆزىنى چۈشۈرگەنلىكتەك كۆرۈنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سەجدە قىلىشنى رەت قىلغان. ئۇنى بىرىنىڭ ئالدىشىغىمۇ كېرەك يوق، ئۇنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋە ھەددىدىن زىيادە كىبرى ئۇنى ئالداشقا يېتەرلىكتۇر.

**86-سوئال: شەيتان تەۋبە قىلىپ جەننەتكە كىرەلەمدۇ؟**

جاۋاب: ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتىن باش تارتىپ گۇناھكار بولغاندىن كېيىن، تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم سورىيالايتتى. لېكىن ئۇ بويۇنتاۋلۇق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، گۇناھىغا پۇشايمان قىلمىدى، تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەجدە قىلماسلىق قارارىدا چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى رەھمىتىدىن قوغلىدى، ئۇ يەنە تەۋبە قىلىشنىڭ ئورنىغا قىيامەتكىچە مۆھلەت تىلىدى ۋە ئادەم ئەۋلادىنى ئازدۇرىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەلەپ قىلغان مۆھلەتنى بەردى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا تاشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دېمەك، شەيتان تەۋبە قىلمايدۇ ۋە جەننەتكە كىرمەيدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ قەتئىي ھۆكمىدۇر.

## 87-سوئال: شەيتاننىڭ تۇزاقلىرى قايسىلار ۋە ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلىمىز؟

جاۋاب: شەيتاننىڭ تۇزاقلىرى كۆپ. بىر نەچچە مىسال بىرەيلى. شەيتان ئىنسانلارنى ۋەسۋەسە قىلىپ ئالدايدۇ، لېكىن ئۆزىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ. چۈنكى شەيتان ئاشكارا كۆرۈنگەن ھالدا، ھاراق ئىچكىن، زىنا قىلغىن، ئۇ ئىشنى قىل، بۇ ئىشنى قىل، دېسە، ئىنسان ئالدانمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشنى قىلىشنى شەيتان دېدى، دەپ قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيتان ئۆزىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ، ئىنساننىڭ ئىچىدىن ئويلاندۇرىدۇ، ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ، قىلغۇزماقچى بولغان ئىشنى يوللۇق كۆرسىتىشكە ئۇرىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ياشقا: «قىز دوستى بولمىغان كىشىنى يېگىت دېگىلى بولامدۇ؟» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنى ناشەرئىي ئىش قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ناماز ئوقۇشقا باشلىماقچى بولغان بىرىگە: «كېيىنراق باشلىساڭمۇ بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇ كىشى كېيىن باشلايمەن دەپ ناماز ئوقۇماي ئۆمرى ئۆتىدۇ. ئاندىن «مۇشۇ ياشقا كىرگۈچىلىك ناماز ئوقۇمىدىڭ، ئەمدى ئوقۇساڭ خۇدايىم قوبۇل قىلامدۇ؟» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناماز ئوقۇماي دۇنيادىن كېتىدۇ. ياكى ناماز ئوقۇيدىغان كىشىگە بامداتقا تۇرماقچى بولغاندا، تېخى بالدۇر،

ۋاقىت بار، بىرئاز ئۇخلىۋېلىپ ئاندىن تۇرۇپ ئوقۇۋاتقىمۇ بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇ بىرئاز ئۇخلىۋالاي دەپ نامازنى قازا قىلىۋېتىدۇ. ياكى «بىر گۇناھ ئىشنى بىر قېتىم قىلىپ قويغانغا نېمە بولىدۇ؟» دەپ بىر قېتىم قىلدۇرۇپ، ئىككى قېتىم قىلدۇرۇپ ئۇ گۇناھقا كۆندۇرىدۇ. ياكى بۇ زاماندا ئىسلامنى ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ دىنغا ئەمەل قىلغۇزمايدۇ ياكى دىن ھەققىدە ھەر تۈرلۈك بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ، دىندىن يىراقلاشتۇرىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل گەپ-سۆز ۋە ئۇسۇللار بىلەن ئىنساننى ئالدايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيتاننىڭ تۇزاقلىرى ۋە ئىنسانلارنى قانداق ئالدايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىش لازىم. ئىسلامىي مەسىلىلەر بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە قۇرئان-ھەدىسلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق شەيتاننىڭ تۇزاقلىرىدىن ساقلىنىپ قېلىش مۇمكىن بولىدۇ.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ شەيتان پەقەت جىنلا ئەمەس ئىنسانلاردىن بولغان ئادىمىي شەيتانلارمۇ بار. بۇ شەيتانلار جىندىن بولغان شەيتانلاردىن كۈچلۈك ۋە خەتەرلىكتۇر. بۇ ئادىمىي شەيتانلار ناماز ئوقۇمايدىغان، گۇناھ-مەسىيەتتىن قاچمايدىغان پاسىق ئادەملەر بولۇپ، بۇ شەيتانلار ئالدى بىلەن ياشلار

بىلەن ئاغىنە، دوست بولىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يامان يولغا باشلايدۇ، ھەر تۈرلۈك قالايمىقان سوئاللار بىلەن ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئادىمى شەيتانلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

# دوزاخ ھەققىدە

## 88-سوئال: ھەقىقەتەن دوزاخ دەپ بىر يەر بارمۇ؟

جاۋاب: ئالللاھ تائالانى رەببىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبىرىم ۋە ئىسلامنى دىنىم دەپ ئىشىنىدىغان بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن دوزاخنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردۇر. چۈنكى ئالللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كاپىرلارنى جازالاش ئۈچۈن دوزاخنى ياراتقانلىقىنى ۋە ئۇ يەردىكى ئازابلارنى بىر نەچچە يەردە ئوچۇق بايان قىلغان. بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن كىشى مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ئالللاھقا ئىشەنمەيدىغان بىرىنىڭ جەننەت-دوزاخ ھەققىدە سوئال سورۇشى بىھۇدىلىكتۇر. شۇنداقتىمۇ بۇنى ئەقلىمىزگە سىغىدىغان بىر شەكىلدە ئىزاھلاش ئۈچۈن مۇنداق مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. دۇنيادا پۈتۈن دۆلەتلەردە جىنايەتچىلەرنى جازالايدىغان تۈرمە ۋە زىندانلار بار. بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى ئەمەس. چۈنكى جازا بولمىغان يەردە قانۇن-تۈزۈم ئىجرا قىلىنمايدۇ، ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك بولمايدۇ، جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى

بولمايدۇ. يەنە كۆرۈۋاتىمىزكى، قايسى دۆلەتتە جازا ئېغىر بولسا، ئۇ دۆلەتتە جىنايەت ئاز بولىدۇ ۋە خەلق خاتىرجەم ياشايدۇ. قايسى دۆلەتتە جازا يېنىك بولسا، ئۇ دۆلەتتە جىنايەتلەر كۆپ بولىدۇ ۋە خەلق ئەندىشە ئىچىدە ياشايدۇ. دېمەك، جىنايەت سادىر قىلغاننى جازالاش ئادالەتتۇر.

ئەمدى دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئادالەت تولۇق مەۋجۇد ئەمەس. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان زالىملار، قانخور قاتىللار يا ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي كۈچىگە تايىنىپ ياكى ھوقۇق-مەنسەپكە تايىنىپ ھەقلىق بولغان جازاسىنى تارتماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. يەنە نۇرغۇن بىچارىلەر ھەر تۈرلۈك قىيىن-قىستاق ۋە زۇلۇم ئاستىدا ئاھ ئۇرۇپ ھەققىنى ئالالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئادالەت تولۇق ئىجرا قىلىنىدىغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ھەققى زالىمدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋە زالىمغا تېگىشلىك جازا بېرىلىدىغان بىر يەرنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنە شۇ يەر ئاخىرەت، ئۇ يەردىكى جازا ماكانى دوزاختۇر. مانا بۇ دوزاخنىڭ بارلىقىنىڭ ئەقلىي دەلىلى.

يەنە بىر دەلىل: بەزى قانخور زالىملار خىميەۋى قورال بىلەن نەچچە مىڭ بىگۇنا

ئىنسانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ، نەچچە يۈز نارىسىدە كىچىك باللارنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇنداق زالىمنى بۇ دۇنيادا جازالىماقچى بولساڭ، ئەڭ چوڭ جازا ئۇنى ئۆلتۈرۈشتۇر. ئۇنى بىر قېتىم ئۆلتۈرۈش بىلەن نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ قىساسىنى ئالغان ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازانى بەرگەن بولامدۇ؟ ھەرگىز بولمايدۇ. ئەگەر دوزاخ بولمايدىغان بولسا، ئۆلۈم ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇتۇلۇش ۋە مۇكاپات بولىدۇ. دېمەك، جىنايەتچىلەرنى سادىر قىلغان جىنايىتى سانىچە جازالايدىغان بىر يەرنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر. ئۇ يەر بولسا، دوزاختۇر.

## 89-سوئال: دوزاخ ئەبەدىي بولسا، بۇ دۇنيانىڭ قىسقىغىنە ھاياتىدا سادىر قىلغان گۇناھ-مەسىيەت ئۈچۈن ئەبەدى جازانىڭ بېرىلىشى ئادالەتمۇ؟

جاۋاب: ئەلبەتتە ئادالەتتۇر. چۈنكى جازا گۇناھنىڭ سادىر قىلىنىش مۇددىتىگە ئاساسەن بېرىلمەيدۇ؛ جازا گۇناھنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلىرىغا ئاساسەن بېرىلىدۇ. مەسىلەن: مۇشۇ دۇنيادا بىر مىنۇتتا بىر جىنايەت سادىر قىلغان بىرىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. جازا قانۇنلىرىدا بىر كىشىگە 320

يىللىق، 600 يىللىق جازالار بار. مۇشۇنداق جازا بېرىلگەنلىكىنى خەۋەرلەردىن ئاڭلايمىز. بۇ بىر ئىنساننىڭ ئۆمرىنىڭ قانچە قېتىمغا بەراۋەردۇر. ھېچكىم چىقىپ بۇ جىنايەتچى 600 يىل ياشىمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ جىنايەتنى قىسقا بىر ۋاقىتتا سادىر قىلغان تۇرسا، نېمىشكە بۇنداق ئۇزۇن جازا بېرىلىدۇ؟ دېمەيدۇ. چۈنكى جىنايەتچىنىڭ سادىر قىلغان جىنايىتىنىڭ ماھىيىتى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق جازالىنىدۇ. يەنى جازا جىنايەتنىڭ سادىر قىلىنىش مۇددىتىگە ئەمەس، جىنايەتنىڭ ماھىيىتىگە ئاساسەن بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئۇ كاپىرلار ئاخىرەتتە دوزاخنى كۆرگەندە، ئەگەر دۇنياغا قايتۇرۇلسا، ئىمان كەلتۈرۈپ ياخشى ئادەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دۇنياغا قايتۇرۇلۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىدە يالغانچى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر دۇنياغا قايتۇرۇلسا، يەنە كاپىر بولۇپ، بۇرۇنقىدەك گۇناھ سادىر قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. دېمەك، كاپىرلار ئەبەدىي ياشىسا، ئەبەدىي كاپىر بولۇش نىيىتىدە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جىنايىتى ئەبەدىيدۇر ۋە ئەبەدىي جازاغا تېگىشلىكتۇر.

## 90-سوئال: دوزاختا مەڭگۈ ئازابلىنىشقا تېگىشلىك قانداق جىنايەت بار؟

جاۋاب: يۇقىرىدا جازا جىنايەتنىڭ ماھىيىتىگە ئاساسەن بېرىلىدۇ، دېدۇق. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش، ئۇنى يوق دېيىش، ئۇنىڭ كائىناتنى پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ياراتقانلىقىنى ئىنكار قىلىپ ئۇ ياراتمىدى، دېيىش؛ ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئاننى ئىنكار قىلىش، پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ ھەققىدە ھاقارەت سۆزلەرنى قىلىش، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىش، ئۇلارنى دىنىدىن يېنىشقا مەجبۇرلاش پۈتكۈل ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھنى ھاقارەت قىلغانلىق، ئۇنىڭغا قارشى جىنايەت ئىشلىگەنلىك بولۇپ، بۇ چېكى يوق چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقتۇر. شۇڭا ئەبەدىي جازاغا تېگىشلىكتۇر.

ئاللاھ بۇ ئالەمنى ياراتمىغان، ئۇ تاسادىپىي مەيدانغا كەلگەن دېيىش، كائىناتتىكى سان-ساناقسىز مەۋجۇداتلارنىڭ سانىچە گۇناھ قىلغانلىق بولۇپ، ئەبەدىي جازالىنىشقا ھەقلىقتۇر.

يەنە ئاللاھ تائالا ياراتقان نېمەتلەر بىلەن ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇ نېمەتلەرنى ئاللاھنىڭ بەرگەنلىكىنى ئىنكار قىلىش،

ئۇنىڭغا شۈكرى قىلماسلىق، ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلىش ئەبەدىي جازاغا تېگىشلىك بولغان ئېغىر جىنايەتتۇر.

**91-سوئال: دۇنيادا ئىنسانلارغا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلىدىغان بەزى كىشىلەر بار. ئۇلار پەقەت كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈنلا دوزاخقا كىرەمدۇ؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا جەننەت ۋە دوزاخنى يارىتىپ، جەننەتكە كىرىشنىڭ شەرتلىرىنى ۋە دوزاخقا كىرىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېنىق بېكىتتى. پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىپ ئۇ شەرت ۋە سەۋەبلەرنى پۈتكۈل دۇنياغا ئېلان قىلدى. جەننەتكە كىرىشنىڭ شەرتلىرى ئىمان ۋە سالىھ ئەمەل بولسا، دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرى كۇپرلىق يەنى ئاللاھنىڭ دىنى بولغان ئىسلامنى رەت قىلىشتۇر. بۇ بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى رەت قىلغان، ئۇنى قوبۇل قىلمىغان كاپىر ئاللاھنى رەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان بولىدۇ. ئۇ ئىمان ئېيتماي بۇ دۇنيادىن ئۆلۈپ كەتسە، دوزاخقا كىرىشى قەتئىيدۇر. كىشىلەرگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان كاپىرغا كەلسەك، ئاللاھ تائالا مۇتلەق ئادالەتلىك زات، ھېچكىمگە قىلچە

زۇلۇم قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كاپىرنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى مۇشۇ دۇنيادا بېرىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ھېچقانداق مۇكاپات يوق. چۈنكى ئۇ ئاخىرەتكە، جەننەتكە ئىشەنمەيدۇ، قىلغان ياخشىلىقىنى جەننەتكە كىرىشنى ئۈمىد قىلىپ قىلمايدۇ.

ئەسلىدە ھېچكىم قىلغان ياخشىلىقى بىلەن ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ھەقلىق بولالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتى سانسىز بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ بەدىلىنى ئۆتەشكە يەتمەيدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانىغا ئەمەل قىلغان مۆئمىنلارنى ئۆز پەزلى كەرىمى بىلەن مۇكاپاتلاپ، ئۆزى بەرگەن نېمەتنى ھېسابلىماي، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا يۈزلەرچە ھەسسە ساۋاب بېرىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. كاپىرلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

**92-سوئال: بۇ چەكسىز ئالەمنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ كائىناتتا بىر زەررىچىلىكمۇ بولمىغان بۇ ئىنساننى نېمىشكە بۇنچىلىك ئېغىر ئازاب بىلەن قورقۇتىدۇ؟**

جاۋاب: بىر نەرسىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ چوڭ ياكى كىچىكلىكى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. كىچىككىنە بىر ئالماس تاغدەك بىر تاشتىن قىممەتلىكتۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىنساننىڭ ھەجمى ماددىي جەھەتتىن كائىناتقا نىسبەتەن بىر زەررىدىن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىممىتى پۈتۈن كائىناتتىن ئۈستۈندۇر. چۈنكى ئاللاھ كائىناتتىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ئۇنىڭغا خىزمەتكار قىلدى. ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇدات بىۋاستە ۋەيا ۋاستىلىق ھالەتتە ئىنسانغا خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن بىرى بولمىسا ياكى ئىشلىمىسە، ئىنساننىڭ ھاياتىغا تەسىر يېتىدۇ. ئاللاھنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق چوڭ قىممەتكە ئىگە ئىنسان ئۆزىنى ياراتقان ۋە پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋاتقان رەببىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق تەسۋىرلىگۈسىز چوڭ تۇزكورلۇق قىلىدۇ، ئۆزىنى قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان ھالاكەتكە تاشلايدۇ.

ئىنساننىڭ توغرا يولدا مېڭىشى ئۇنىڭ قورقۇشىغا باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل

دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن چىقىرىلغان قانۇن-تۈزۈملەر، ئۇنى ئىجرا قىلدۇرىدىغان جازالار بىلەن بىللە بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار بېشىغا كېلىدىغان جازادىن قورقۇپ قانۇنغا بويسۇنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنساننى ئاخىرەتتە بېشىغا كېلىدىغان ھالاكەتتىن ۋە ئەبەدىي ئازابقا ھەقلىق بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش قورۇق سۆز بىلەن بولمايدۇ. بېشىغا كېلىدىغان قاتتىق ئازابلارنى كۆز ئالدىغا ئەكىلىدىغان شەكىلدە قورقۇتۇش ئارقىلىق بولىدۇ. بۇنى بىر مىسال بىلەن تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ھوجرىدا ئون كىشى بولسا، بىرى كېلىپ ھوجرىنى دەرھال بىكارلاڭلار، بولمىسا زىيانغا ئۇچراپ كېتىسىلەر! دېسە، قانچە كىشى ھوجرىدىن چىقىدۇ؟ بىر ياكى ئىككى كىشى چىقىشى مۇمكىن. ئەمما ئۆيگە ئوت كەتتى! دېسە، ھەممە ئادەم ئىشىككە يۈگۈرەيدۇ. دېمەك، قورقۇتۇش قانچىلىك قاتتىق بولسا، بۇيرۇققا بويسۇنۇش، قانۇنغا ئەمەل قىلىش شۇنچىلىك نەتىجىلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى ئېغىر ئازاب بىلەن قورقۇتۇشى ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن ۋە ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتەيلىكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى پەقەتلا قورقۇتمايدۇ، ئۇلارنى جەننەتتىكى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئەقىلگە كەلتۈرۈپ باقمىغان

كاتتىنا نېمەتلەرگە قىزىقتۇرىدۇ. ئۇلارغا كاتتىنا مۇكاپات ۋە مەڭگۈلۈك بەختلىك تۇرمۇش ۋەدە قىلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا ھەم تەرغىب قىلىدۇ، ھەم قورقۇتىدۇ. چۈنكى بەزى ئىنسانلار مۇكاپاتقا قىزىقىپ مۇسۇلمان بولسا، بەزى ئىنسانلار جازا ۋە ئازابتىن قورقۇپ مۇسۇلمان بولىدۇ. يەنە بەزى ئىنسانلار مۇكاپاتقىمۇ قىزىقمايدۇ، ئازابتىنمۇ قورقمايدۇ. بۇنداقلار ئۆزىنى مەڭگۈلۈك ھالاكەتكە دۇچار قىلغۇچىلاردۇر.

## 93-سوئال: دوزاختا ئۇنداق قاتتىق ئازاب بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتى قېنى؟

جاۋاب: ئەسلىدە دوزاخ بولمىسا ئاللاھنىڭ رەھمىتى قېنى؟ دېيىش لازىم. چۈنكى مىڭلارچە، يۈزمىڭلارچە ۋە مىليونلارچە بىچارە ئىنسانلار زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ، ھەقلىرى قولىدىن تارتىپ ئېلىنىدۇ. بۈگۈن بىز بىراۋنىڭ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسەك، ھەقسىزلىك قىلغۇچىنىڭ جازالاندۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. چۈنكى زالىمغا رەھىم قىلىش زۇلۇم قىلىنغۇچىغا ھەقسىزلىك قىلغانلىقتۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا دوزاخنى ياراتمىسا، مىليونلارچە ئىنسانلارغا

ھەقسىزلىك قىلغان زالىملارنى جازالىمىسا، ئۇ چاغدا رەھىمسىزلىك قىلغان بولىدۇ. شۇڭا دوزاخنىڭ بولۇشى رەھىمسىزلىك ئەمەس، بەلكى ئەڭ چوڭ رەھمەتتۇر. ئاللاھ تائالا ھەم رەھىملىكتۇر، ھەم ئادىلدۇر. ھەممىگە ھەققىنى بېرىدۇ، ھېچكىمگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا چەكسىز مېھرىبان زات بولۇپ، رەھمىتى غەزىپىدىن ئېشىپ كەتكەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى ئۆز بېشىغا تاشلاپ قويماي، پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ، كىتابلار چۈشۈرۈپ ئىنسانلارغا جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن ۋە دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغاندۇر. گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلغانلارنى ئەپۇ-كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تەۋبە قىلىشقا تەرغىب قىلغان. خاتالىقىنى تونۇپ تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ گۇناھلىرى ھەرقانچە كۆپ ۋە ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى، گۇناھلىرى ئۈچۈن دوزاختا جازالىمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئۇقتۇرغان. يەنى مېھرىبان ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى خالايدۇ، دوزاخقا كىرىپ كېتىشىگە رازى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇپ قورقىتىدۇ.

# قەبرە ئازابى ھەققىدە

## 94-سوئال: ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئالدى بىلەن بىلىشىمىز كېرەككى، جان بەدەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن بۇ دۇنيادىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر ھايات ئالەمگە ئۆتىدۇ. بىز بۇ ئالەمگە بەرزەخ ئالىمى دەيمىز. جاننىڭ چىقىشى بىلەن دۇنيادىكى ئىمتىھان تۈگىگەنلىكى ئۈچۈن، بەرزەخ ئالىمىدە دۇنيا ھاياتىغا ئوخشىمايدىغان بىر ھايات باشلىنىدۇ. يەنى كىشى بۇ دۇنيادا ياشىغان ئەھۋالىغا قاراپ، قىلغان ئىشلىرىغا لايىق ھايات كەچۈرىدۇ. يەنى مېيىت قەبرىگە قويۇلۇپ، قەبرىنىڭ ئاغزى ئېتىلگەندىن كېيىن تىرىلىدۇ. ئىككى پەرىشتە كىرىپ ئۇنىڭدىن: «رەببىڭ كىم؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟» دەپ سورايدۇ. مېيىت مۇئمىن بولسا، بۇ سوئاللارغا «رەببىم ئاللاھ، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، دىنىم ئىسلام» دەپ توغرا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر پەنجىرە ئېچىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەننەتتە ياشىغاندەك ياخشى ھايات كەچۈرىدۇ. ئەگەر

مېيىت كاپىر بولسا، پەرىشتىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا دوزاختىن بىر پەنجىرە ئېچىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قەبرى يا جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچە ياكى دوزاخ چۇقۇرلىرىدىن بىر چۇقۇردۇر»[72]

قەبرىدە روھ بەدەن بىلەن بىرلىكتە بولغانلىقى ئۈچۈن، زىيارەت قىلغانلاردىن خەۋەردار بولىدۇ، زىيارەتچىلەرنىڭ دۇئالىرىنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ.

## 95-سوئال: قەبرە ئازابى راست بولسا، نېمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنمايدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدە قەبرىدە نېمەتلىنىش ۋە ئازابلىنىشقا ئالاقىلىق ئىشارەتلەر بار. بۇ يەردە ئىككى ئايەتنى مىسال قىلساق كۇپايە قىلىدۇ: «ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ھەرگىز ئۆلۈك دەپ ئويلىمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنماقتىدۇر.»[73] بۇ ئايەتتىكى «ئاللاھ

72 ئىمام ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان، سەھىھ ھەدىس.

73 سۈرە ئال ئىمران: **169** ـ ئايەت.

يولـدا ئۆلتۈرۈلگەن» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنماقتىدۇر» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ قەبرىدە نېمەتلەندۈرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ.

قەبرىدىكى ئازابقا كەلسەك، قۇرئان كەرىمدە: «ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «پىرئەۋن تەۋەلىرىنى ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا كىرگۈزۈڭلار!» (دېيىلىدۇ).»[74] بۇ ئايەتتە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئەتىگىنى-ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پىرئەۋن ھايات ۋاقتىدا ئوتقا توغرىلانغان بىر ئىش يوق. دېمەك بۇ ئەتىگەن-ئاخشام ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرۇش ئىشى دۇنيا بىلەن قىيامەت ئارىسىدا يەنى قەبرىدىكى بەرزەخ ھاياتىدا ئەمەلىلىشىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قەبرىدە بىر ھاياتنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەر بار.

74 سۈرە غافىر: 56 ـ ئايەت.

## 96-سوئال: جەسەدى تېپىلمىغان ئۆلۈكلەرنىڭ قەبرە ئازابى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: جان چىقىپ بەدەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن بەدەننىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ بىر ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى ئۇ باشقا بىر ئالەمگە يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇ ئالەمدە بۇ دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرى ئىشلىمەيدۇ. كىشى مەيلى دېڭىزدا غەرق بولسۇن مەيلى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسۇن. ئاللاھ ئۇنى ئازابلاش ياكى نېمەتلەندۈرۈشكە قادىردۇر. قەبرىگە قويۇلغان كىشىنىڭمۇ كۆرۈنۈشتە ئۇستىخانلىرى چىرىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئازابلىنىشى ياكى نېمەتلىنىشى توختاپ قالمايدۇ.

## 97-سوئال: قىيامەت كۈنى دوزاختا ئازاب قىلىنىدىغان تۇرسا، قەبرە ئازابىغا نېمە كېرەك بار؟

جاۋاب: قەبرىدىكى ئازاب دوزاختىكى ئازابنىڭ مۇقەددىمىسى. شۇنىڭدەك قەبرىدىكى نېمەت جەننەتتىكى نېمەتنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. دۇنيادا بېشىمىزغا بىر مۇسىبەت كەلسە، ئۇ دوزاخ ئازابىنىڭ بىر قىسمىغا كاپارەت بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى مۇئمىنلارغا قەبرىدىكى ئازابمۇ دوزاخ ئازابىنىڭ بىر قىسمىغا كاپارەت بولۇشى مۇمكىن. بۇنى مۇنداق چۈشىنىشكە

بولىدۇ: ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە يۈرىكى تاشتىن قاتتىق زالىملار بار، بۇ زالىملار ئۆلسە، ئۇنىڭغا قىيامەتكىچە جازا بېرىلمىسە، بۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغانلىق بولمامدۇ؟ بۇ ئەھۋال ياخشى مۇئمىن كىشىلەر ھەققىدىمۇ ئوخشاش. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىسى بولۇپ، مۇكاپاتقا ھەقلىق بولغان بىر مۇئمىننىڭ ۋاپات بولغاندىن تارتىپ قىيامەتكىچىلىك نېمەتتىن بەھرىمەن بولالماسلىقى ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغانلىق بولمامدۇ؟ بۇنىڭغا ئەڭ گۈزەل جاۋابنى رەسۇلۇللاھ بەرگەن: «قەبر يا جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچە ياكى دوزاخ چۇقۇرلىرىدىن بىر چوقۇردۇر».

**98-سوئال: قەبرىدە سوئال-سوراق بولىدىغان بولسا، قىيامەت كۈنى مەھشەردە تەكرار سوراققا تارتىلىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟**

جاۋاب: ئىككى سوراق ئوخشاش ئەمەس. قەبرىدىكى سوئال ئۆلگۈچىنىڭ قىيامەتكىچە بەرزەخ ھاياتىنى بېكىتىش ئۈچۈن ئىمانىنىڭ ئاساسى توغرىسىدا سورىلىدۇ. ئۇنىڭ جاۋابىغا قاراپ ياتقان يېرى يا جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچە بولىدۇ ياكى دوزاخ چوقۇرىدىن بىر چوقۇر بولىدۇ. مەھشەردىكى سوئال-سوراق

بولسا، قىلغان ئىشلىرىدىن يەنى ناماز، روزا، زاكات، كىشىلەرنىڭ ھەققى دېگەنگە ئوخشاش ئىشلاردىن سورىلىدۇ. دېمەك، ئىككى سوئال بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

**99-سوئال: قىيامەتتىن ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆلگەن بىرى بىلەن قىيامەتتىن يۈز يىل ئىلگىرى ئۆلگەن كىشىنىڭ قەبرىدە ئازابلىنىش مۇددىتى ئوخشاش ئەمەس. بۇ ئادالەتسىزلىك بولمامدۇ؟**

جاۋاب: يۇقىرىدا ئىنسان ئۆلۈپ قەبرىگە كىرگەندىن كېيىن باشقا بىر ئالەمگە يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىگە تەۋە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتۇق. يەنى ئۇ ئالەمدىكى زامان ئۆلچىمى بۇ دۇنيادىكى زامان ئۆلچىمىگە ئوخشىمايدۇ. زاماننى ئاللاھ تائالا ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى خالىغان بەندىسىگە خالىغان شەكىلدە ئىشلىتەلەيدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ئوچۇق مىسالى ئەسھابۇلكەھف قىسسىسىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنىڭ ئۈچيۈز توققۇز يىل ئۇخلىغانلىقى، ئۇلار ئويغانغاندا بىر كۈندىنمۇ ئازراق ئۇخلىغانلىقىنى ئېيتىشقانلىقى بايان قىلىنغان.[75] يەنى ئەمەلىيەتتە شۇنداق

75 «ئۇلار ئۆڭكۈرىدە ئۈچ يۈز توققۇز يىل تۇردى.» - (سۈرە كەھف، 25 - ئايەت). «(ئۆزلىرىنىڭ ئۆڭكۈردە قانچىلىك

ئۇزۇن ئۇخلىغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ناھايىتى ئاز تۇيۇلغان. باشقا بىر مىسال: خۇشاللىق بىلەن ئۆتكەن بىر كۈن ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن، قىيىنچىلىق ۋە ئىچى پۇشقى بىلەن ئۆتكەن بىر كۈن ناھايىتى ئۇزۇن تۇيۇلىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىمىزكى، ۋاقىت نىسپىي بولۇپ، قاچان ئۆلۈشنىڭ بىر پەرقى يوق. ھەتتا تۇنۇگۈن ئۆلگەن كىشىنىڭ بەش مىڭ يىل بۇرۇن ئۆلگەن كىشىدىن كۆپراق ئازاب تارتىشى مۇمكىن. يەنى ئاللاھ تائالا چەكسىز ئادالىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن كىشىگە نېمىنى تەقدىر قىلسا، شۇنى كۆرىدۇ. نە كەم نە زىيادە بولمايدۇ. قەتئىي ئىشىنىش كېرەككى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمنىڭ ھەققىنى قىلچە كېمەيتىۋەتمىگەندەك، ھېچكىمنىڭ ئازاب جازاسىنى زىيادە قىلمايدۇ.

## 100-سوئال: كىم قەبرە ئازابى تارتىدۇ؟

جاۋاب: ئومۇمەن كاپىرلار قەبرە ئازابى تارتىدۇ. بەزى مۇسۇلمانلارمۇ بەزى گۇناھلىرى سەۋەبلىك قەبرە ئازابى تارتىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ قايسى گۇناھلار سەۋەبىدىن قەبرە ئازابى تارتىدىغانلىقى ھەدىس شېرىپلەردە بايان

تۇرغانلىقىنى) ئۆزئارا سوراشسۇن دەپ ئۇلارنى ئويغاتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى «(بۇ ئۆڭكۈردە) قانچە ئۇزاق تۇردۇڭلار؟» دېدى..» - (سۈرە كەھف، 19 - ئايەت).

قىلىنغان. مەسىلەن: كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇش، قەرزنى ئۆتىمەسلىك، بەدىنىگە ۋە كىيىمىگە سۈدۈك تېگىپ كېتىشتىن ساقلانماسلىققا ئوخشاش بەزى گۇناھلار قەبرە ئازابىغا سەۋەب بولغاندەك، ياخشى ئىشلارنى قىلىش قەبرىدە نېمەتلىنىشكە سەۋەب بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە قەبرىدىكى نېمەت ۋە ئازابنى بايان قىلىشى، بىزلەرنى ئازابقا ئېلىپ بارىدىغان گۇناھ-مەسىيەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە نېمەت ۋە گۈزەل ھاياتقا ئېلىپ بارىدىغان ياخشى ئىشلارغا تەرغىب قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى قەبرە ئازابى ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىسۇن. ئامىين!

## 101سوئال: ھازىرقى زاماندا قۇللۇق قالمىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئىسلامدا قۇللۇق تۈزۈمى بار؟

جاۋاب: ئالدى بىلەن شۇنى تەكىتلەيلىكى، ئىسلام قۇللۇق تۈزۈمى ئېلىپ كەلگەن ئەمەس. ئىسلام كەلگەندە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە قۇللۇق بار ئىدى. بۈگۈن ئۆزىنى ئەڭ مەدەنىيەتلىك ھېساپلايدىغان ياۋروپادا قۇللۇق ئەڭ ۋەھشىي شەكىلدە بار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەۋىسى ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ، بېسىۋالغان يەرلەردىكى ياش ئوغۇل-قىزلارنى قۇل قىلاتتى؛ قۇللارنى

ئىنسان قاتاردا كۆرمەيتتى، ئۇلارنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن ئۆلمىگۈچىلىك تاماق بېرەتتى؛ كۈندۈزى پۇت-قوللىرىغا زەنجىر كىشەنلەرنى سېلىپ، ئىش مەيدانىغا ھەيدەپ ئېلىپ باراتتى، قامچىلار بىلەن ئۇرۇپ ئىشقا سېلىپ، كەچ بولغاندا يەنە زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن سۆرەپ ئېلىپ كېلىپ قۇرت-قوڭغۇز، چاشقان-چىيانلار ئايلىنىپ يۈرىدىغان زىندانلارغا تاشلايتتى. ئەرەبلەرمۇ ئۇرۇشلاردا ئەسىر چۈشكەنلەرنى قۇل قىلاتتى، ئۆسۈمگە قەرز بېرىپ، قەرزىنى تۆلىيەلمىگەنلەرنى قۇل قىلاتتى. يېزا-قىشلاقلاردىن كىشىلەرنىڭ باللىرىنى ئېلىپ قېچىپ باشقا يەرلەرگە ئاپىرىپ قۇل قىلىپ ساتاتتى ۋە بۇنىڭدىن باشقىمۇ ھەرخىل يوللار بىلەن ھىمايىچىسى بولمىغان ئاجىز كىشىلەرنى قۇل قىلاتتى. قۇللارغا غەيرى ئىنسانىي مۇئامىلە قىلاتتى. قۇللارنى خالىغانچە ئۆلتۈرەتتى. دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە قۇللارغا زۇلۇم قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈشنى چەكلەيدىغان قانۇن يوق ئىدى. ئىسلام كېلىپ بۇرۇنقى ئىنسانىيەت قىلىپىدىن چىققان قۇللۇق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، قۇللارنى خوجايىنلىرىغا ئوخشاش ئىنسان دەپ قاراشنى بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇلىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى ئۆلتۈرىمىز، قۇلىنىڭ بۇرنىنى كەسكەن كىشىنىڭ بۇرنىنى كېسىمىز، قۇلىنى ئاختا قىلغان كىشىنى

ئاختا قىلىمىز»[76] دېدى. قۇل قېلىش يولىنى پەقەت ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەنلەرگە خاس قىلدى. ئۇرۇشتىن باشقا ھەرقانداق يول بىلەن بىراۋنى قۇل قىلىشنى قەتئى چەكلىدى.

كىشىلەرنىڭ قولىدىكى مەۋجۇد قۇللارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن تەدرىجىي يول تۇتتى. چۈنكى ئەگەر كىشىلەرنى قولىدىكى قۇللارنى بىراقلا ئازاد قىلىشنى بۇيرۇسا، جەمئىيەتتە چوڭ كىرىزىس يۈز بېرەتتى. چۈنكى قۇللار خوجايىنلارنىڭ مۈلكى ئىدى. ئۇلارنى ئازاد قىلىۋېتىشقا بۇيرۇش پۇلۇڭنى كوچىغا تاشلىۋەتكىن دېگەنلىك بولاتتى. كىشىنى مۈلكىدىن بەدەلسىز ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاش ئىنساننىڭ خاراكتېرىگە زىت بىر ئىشتۇر. يەنە بىر مەسىلە، قۇللار بىراقلا ئازاد قىلىنسا، جەمئىيەتتە مىڭلارچە ئىشسىز، ئاشسىز، باشسىز ئىنسانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، قاتتىق قالايمىقانچىلىق، ئامانسىزلىق ۋە ھەرخىل جىنايەتلەر ئوتتۇرىغا چىقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام قۇللار ھەققىدە ئىنسانىيەتنىڭ شەرىپىگە لايىق مۇنداق ئىككى تۈزۈمنى يولغا قويدى:

1- قۇللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش: قۇل ئىگىلىرىگە قۇلۇڭلارنى قۇل دېمەستىن

---

76 بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

ئوغلۇم، قىزىم، قېرىندىشىم، دەڭلار، ئۇلارغا ئۆزەڭلار يېگەن تاماقتىن يېگۈزۈڭلار، ئۆزەڭلار كىيگەن كىيىمدىن كىيگۈزۈڭلار، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئېغىر ئىشقا سالماڭلار، ئەگەر ئېغىر ئىشقا بۇيرۇپ قالساڭلار ئۇلارغا ياردەم قىلىڭلار، ئۇلارنى ئوقۇتۇڭلار، ياخشى تەربىيەلەڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قۇللار خوجايىنلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئەڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، ھەتتا ئازاد قىلىنىشنىمۇ، خوجايىنىنىڭ يېنىدىن كەتمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «خوجايىن» دەپ ئاتاپ: «خوجايىنىمىز ئەبۇ بەكرى خوجايىنىمىز (بىلال) نى ئازاد قىلغان»[77] دېگەن. بۇنىڭدىن چوڭ شەرەپ بولامدۇ؟!

2- قۇل ئىگىلىرىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن قۇل ئازاد قىلىشقا تەرغىب قىلىپ مۇنداق يول تۇتتى:

1- قۇل ئازات قىلىشنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىبادەت قىلدى.

2- قەسەمنى بۇزغاننىڭ كاپارىتىنى قۇل ئازات قىلىش قىلدى.

3- خاتا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغاننىڭ

---

77 ئىمام بۇخارى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

كاپارىتىنى قۇل ئازات قىلىش قىلدى.

4- روزىنى بۇزغاننىڭ كاپارىتىنى قۇل ئازاد قىلىش قىلدى.

5- خوتۇنىنى ئانىسىغا ئوخشىتىشنىڭ جازاسىنى قۇل ئازاد قىلىش قىلدى.

6- قۇللارغا خوجايىنىغا پۇل بېرىپ ئازاد بولۇش هوقۇقى بەردى. خوجايىنىغا بېرىدىغان پۇل تاپالمىغان قۇلنىڭ پۇلىنى زاكات مالىدىن تۆلەشنى بۇيرىدى.

دېمەك، ئىسلام بىر تەرەپتىن قۇل قىلىش يوللىرىنى تاقاش ئارقىلىق يېڭىدىن قۇل قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەۋجۇد قۇللارنى هەرخىل يوللار بىلەن هۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق، جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق ياراتماستىن قۇللارنى تۈگىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىسلام ئېلىپ كەلگەن بۇ گۈزەل تۈزۈم بىلەن ئازات بولغان قۇللار جەمئىيەتتە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتى. مۇسۇلمانلار بۈگۈنگىچىلىك كىتابلىرىنى ئوقۇپ، هۆرمەت بىلەن ياد ئېتىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئالىم-ئۆلىمالار ئەسلىدە قۇل بولۇپ، كېيىن ئازاد بولغان كىشىلەردۇر.

# خاتىمە

ھۆرمەتلىك كىتابخانلار!

كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، دۇنيادا بىرلا ھەق دىن بار. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دىنىدۇر. دۈشمەنلەرنىڭ سۈيقەستلىرى، ئوتتۇرىغا تاشلىغان شۈبھىلىك سوئاللىرى ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىگە داغ تەككۈزەلمەيدۇ. لېكىن بۇ دىنىنىڭ مەنسۇبلىرى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تولۇق ۋە چوڭقۇر بىلمەسلىكى ۋە بۇ دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆرسىتەلمەسلىكى، ئۇلارنى دۇنيا سەھنىسىدە ئاجىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قېلىشى مەلۇم مۇددەت دۈشمەنلەرنى جاسارەتلەندۈرگەن بولسىمۇ، قۇياشنىڭ نۇرىنى ئېتەك بىلەن توسۇۋالغىلى بولمىغاندەك، ئىسلامنىڭ نۇرى چوقۇم بىر كۈنى غەلىبە قىلىدۇ ۋە پۈتۈن دۇنيانى يورۇتىدۇ.

بىز يۇقىرىدا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دىنغا بولغان ئەقىدىسىنى سۇسلاشتۇرۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى سوئاللارغا

قىسقىچە جاۋاب بەردۇق. كىتابخانلارنىڭ بۇ جاۋابلارنى تەمكىنلىك بىلەن ئوقۇپ، تەپەككۇر قىلىشى، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى ۋە ئىسلام دىنىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. شۇنداق قىلغاندا، ھەقىقەتنى ئېنىق بىلەلەيدۇ، دۈشمەنلەرنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئۆزىنى ھەر تۈرلۈك يامان پىكىرلەرگە قارشى قوغدىيالايدۇ.

ئى ئاللاھىم! بىزگە ھەقنى ھەق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشنى، باتىلنى باتىل كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشنى نېسىپ قىلغىن.

ئى رەببىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن دىلىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلغىن. چۈنكى، سەن بەكمۇ رەھىم قىلغۇچىسەن.

ئامىين!!!